ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى



# ئۇتۇقماق

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ISBN 978-7-228-10808-4

定价：4.50元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## ئۆر، توقماق

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان





شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى





ئۈرۈمچى 2007 -يىلى

图书在版编目(CIP)数据

飞吧，棍子：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编.
- 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
(维吾尔民间故事)
ISBN978-7-228-10808-4

Ⅰ.飞… Ⅱ.维…Ⅲ.维吾尔族 - 民间故事 - 作品集-中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006099号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

飞吧，棍子（维吾尔文）
(维吾尔民间故事)
《维吾尔民间文学大典》编委会编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编： 830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.5印张
2007年1月第1版　2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

ISBN 978-7-228-10808-4　　定价：4.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## ئۇر، توقماق

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 2.5
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 ــ 5000
ISBN 978-7-228-10808-4
باھاسى: 4.50 يۈەن





# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر 55 كىتابچە نەشردىن چىقتى

| | | |
|---|---|---|
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چىن تۆمۈر باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئالتۇن كوكۇللۇق بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەنجى باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كېپىك خانىش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | مەرۋان بىلەن تەرسا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ياغاچ ئات | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۇر، توقماق | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چۆچۈرە بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سىرلىق چىراغ | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شاھزادە بىلەن ئالۋاستى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | باتۇر قىز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتانىنىڭ تىجارىتى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | بىلمەس تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | تەلۋە كۇيئوغۇل | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتاننى ئالدىغان تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئادەمىي شەيتان | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | خىزىر نىياز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سېھىرلىك ئالما | (4.50 يۈەن) |

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئۇسكەك پادىشاھ (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى قاينا، چۆگۈن (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئەقىللىق كەنجى قىز (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ھەركىم قىلسا ئۆزىگە (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يالتايغاق بوۋاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئۈجمە سايىسى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئەپچىلەم (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئارغىماق ماجىراسى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىككى باينى ئەپلىگەن مالاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئۆرگىلىۋاي بىلەن چۆرگىلىۋاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يەتتە لىڭگىلتاق بىلەن بىر شىڭگىلتاق (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى شىتىلە بىلەن پىتىلە (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى مازاقخور مازاقتا ئۆلەر (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى پادىشاھنىڭ كۈنىنى ئۇزارتىشى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئېشەكنى ئۆرۈپ خوتۇننى قورقۇتۇش (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى موللام ئوغرىنى قانداق تاپتى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى قازان تۇۋۇي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى شاھ بىلەن شاتۇتى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى — 1، 2، 3، 4، 5 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى (ھېسام چاقچاقلىرى) — 1، 2 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى — 1، 2 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى — 1، 2، 3 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى — 1، 2 (ھەر بىرى 3.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى (3.50 يۈەن)

( بۇ بىر يۈرۈش 55 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 244.50 يۈەن )

# مۇندەرىجە


ئالتۇن كەش ........................................ 1

قارا نىيەت ئايال ........................................ 37

ئۆر، توقماق ........................................ 39

سېخىي بىلەن بېخىل ........................................ 49

يانتاقچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ........................................ 66




# ئالتۇن كەش

بۇرۇندىن بۇرۇندىكەن، يېتىم بۇلۇڭدىكەن، تېرىق تۇ-لۇمدىكەن. شۇ زامانلاردا بىر يۇرتتا بىر ئۆگەي ئانا بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ، چوڭ قىزى ئۆگەي ئىكەن، كىچىك قىزى ئۆز ئىكەن. ئۆگەي قىزىنىڭ ئېتى ھەجەرخان، ئۆز قىزىنىڭ ئېتى پاتىمخان ئىكەن.

ھەجەر قىز چىرايلىق، ئىشچان، تىرىشچان ئىكەن. پا-تىمخان سەت، ھورۇن، ئورۇشقاق ئىكەن، غىزاغا، كىيىم-گە بودۇشقاق ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆگەي ئانا ئۆز قىزىنى ئاززۇلاپ، ئۆگەي قىزىنى خارلاپتۇ؛ قارىما، كۆ-زۈڭنى ئويىمەن، سۆزلىمە، تىلىڭنى كېسىمەن، دەپ قىي-ناپتۇ؛ غىزا ـ تاماق، كىيىم ـ كېچەكلىرىگە قارىماپتۇ؛ چاچلىرى چۇۋۇلسىمۇ تارىماپتۇ. بىچارە قىز ئاشقان ـ تاشقاننى كىيىپ، ناننىڭ كۆيۈكىنى يەپ، ئاشنىڭ سۇيۇ-قىنى ئىچىپ، قىقىلىپ ـ سوقۇلۇپ چوڭ بولۇپ، يەتتە ياشلارغا كىرىپتۇ. بىر كۈنى ئۆگەي ئانا:

— ھەي نان قېپى، پىتلىق... قاچانغىچە كىچىك

بولسەن، ئەمدى ساڭا بىكار نان نەدە؟ ! ماڭ يوقۇل، ماۋۇ سېۋەتكە ئوتۇن ـ چاۋار، تېزەك تەر، ماۋۇ ماللارنى يىتـ. تورمەي، خەقنىڭ ماللىرىغا ئارىلاشتۇرماي بېقىپ كەل، مالنىڭ بىرەر ـ يېرىمىنى يىتتۇرسەڭ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرد. مەن ! — دەپ يادا باققىلى ساپتۇ.

قىز توققۇز يىلغىچە ئەتىگىنى جاڭگالغا چىقىپ، كەچتە ئېغىلدا يۇرۇپ مال بېقىپتۇ، ئاخشىمى ئاش ئېـ. تىپ، كىر يۇيۇپ، *ئوتۇن كەسلەپ، نان يېقىپتۇ. شۇنداق تىنماي ئىشلەپ يۇرسىمۇ، يەنە تىل ـ دەشنەمدىن قۇتۇلـ. ماپتۇ.


بىر كۈنى ئۆگەي ئانا ھەجەر قىز مال بېقىۋاتقان يەر. گە ئوغرىلىقچە بېرىپ مارىلاپتۇ. شۇ ۋاقىتتا قىز، ئەمدى چوش بولدى، بىردەم ئارام ئالاي، دەپ ماللارنى بىر يارلىقـ. نىڭ سايىسىگە ھەيدەپ قويۇپ، ئۆزى جىگدىنىڭ ئاستىدا ئۇخلاۋېتىپتىكەن، ئۆگەي ئانا ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە:

— ھە ! نېمىشقا ئوتۇن ـ چاۋارنى ئاز تېرىپ كېلىدـ. دىكىن دېسەم، ئۇخلايدىكەنسەن ئەمەسمۇ، ۋاي بېشىڭنى يەيدىغان ئەزمە، ھارام تاماق ! — دەپ جاڭگالنى غۇدۇر ـ سۇدۇر قىلىپ، ھەجەر قىزنىڭ چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئۇرۇپ ـ چەيلەپ يېنىپ كەپتۇ.

ئەتىسى قاق سەھەردە ھەجەر قىز ماللارنى ئاچىقىپ كېتىۋاتسا، ئۆگەي ئانا:

— ھەي ئەسكى، نېمە بۈگۈن چىچەنلىكىڭ تۇتۇپ

كېتىپتۇغۇ، توختا ! مال باققان يەردە ئۇخلاپ ياتماي، ماۋۇ ئۇچنى ئېگىرگەچ كەل ! ــ دەپ بىرمۇنچە پىلتە پاختا بېرىپتۇ. قىز گەپ ياندۇرالماي ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئەمدى مال بېقىپ، تېزەك تېرىشنىڭ ئۇستىگە يىپمۇ ئېگىرىپ كېلىدىغان، كەچتە ھېرىپ ھالى قالمايدىغان بوپتۇ. ئۆيگە كەلسە يەنە ئىش. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۆگەي ئانا: «ئۇ يېتىم ئوغلاقتا ئارام ئېلىشنى كىم قويۇپتۇ؟ !» دەپ، ئېگىرىپ كېلىدىغان ئۇچنى كۈندىن ــ كۈنگە كۆپەيتىپتۇ. ئاخشىمى قوشنا ئۇستىغا شاگىرتلىققا سېلىپ، كېيىنچە كەچتىمۇ بىكار قويماي ئەتلەس، شايى توقۇتىدىغان بوپتۇ. بىچارە يېتىم قىزغا ئەمدى ئاخشىمى يېرىم كېچىگىچە ئۇيقۇ يوق، كۈندۈزى مال بېقىش، تېزەك تېرىش ناھايىتى تەس كېلىدىغان بوپتۇ. يىپنى ئېگىرىپ ئۇلگۈرتەلمەي، كۈندە پادىدىن قايتقاندا تاياق يەپ ھېچ ھالى قالماپتۇ. كەچتە يەنە ھېلىقىدەك ئىشلار، ئۇيقۇ-



سى كېلىپ يىقىلغاندا، پۇت ـ قولىنى سۇنغۇدەك ئورۇنمۇ يوق، قىينىلىپتۇ. يېشى مۇشۇ كەمگە كەلگۈچە، ياز كۈنـ ـلىرى دالىدا، ھويلىدا پاشا ـ كۇمۇتنغا يەم بولۇپ شىپـ ـغىلدا يېتىپتۇ، قىش كۈنلىرى قوي، كالىلارنىڭ ئارىسىدا، زەي ـ نەمدە سالجا ـ كانىغا يەم بولۇپ ئېغىلدا يېتىپتۇ، جەبىر ـ زۇلۇم كۆپىيىپ جېنىغا پېتىپتۇ. ئەمدى كېچـ ـلىرى تىنماي ئۈنسىز يىغلاپ چىقىدىغان، كۈندۈزلىرى ھېچكىم يوق جاڭگالدا يىغا بىلەن توۋلاپ ناخشا ئېيتىدىـ ـغان بوپتۇ:

پا، پا، پاشىنىڭ دەردى،
سالجا، كانىنىڭ دەردى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن
ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى.

نان بەرسە كۆيۈك بەردى،
ئاش بەرسە سۇيۇق بەردى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن
ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى.

بىر كۈنى ھەجەر قىز جاڭگالدا ئۆچىنى ئېگىرىپ بولالماي كەچتە ئۆيگە بارغاندا تاياقتا ئۆلىدىغان بولدۇم دەپ يىغلاپ، شۇنداق ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرسا، تۇيۇقسىز شامال

چىقىپ، بىر قۇيۇن كەپتۇ ـ دە، قىزنىڭ يېنىدىكى ئۇچلارنى كۆتۈرۈپ ئەكېتىپتۇ. قىز «ۋاي، ئەمدى ئۆيگە بارغاندا نېمە دەرمەن؟ !...» دەپ يىغلاپتۇ. قۇيۇننىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ:

— جېنىم قۇيۇن ئاكا، ئاپام ئۇرىدۇ، ئۇچۇمنى بېرىۋەتسىلە، — دەپ يالۋۇرۇپ بېقىپتۇ. قۇيۇن كېتىۋېرىپتۇ، قىزمۇ قوغلاۋېرىپتۇ. بىر چاغلاردا قارىسا، قۇيۇن چۆرگىلەپ ئۇچقان پېتى بىر يارنىڭ كامېرىغا كىرىپ كېتىپتۇ. قىزمۇ ئارقىسىدىن كىرىپتۇ. كىرىپ قارىسا، بىر بوستانلىق هويلا، ئوتتۇرىدا ئۆي، يېقىنراق بارسا، ئۆينىڭ ئىچىدە بىر موماي ئولتۇرغۇدەك. قىز ئاستا بوسۇغىغا كېلىپ:

— ئەسسالام، چوڭ ئانا، — دەپتۇ. موماي سالامنى ئىلىك ئېلىپ:

— كېلىڭ، يۇقىرى چىقىڭ... بېشىڭىزغا نېمە كۈن چۈشتى، قىزىم؟ — دەپتۇ. قىز قول باغلاپ تۇرۇپ:

— قۇيۇن ئاكام ئۇچلىرىمنى ئەكەتتى. ئارقىسىدىن يۈگۈرسەم، مۇشۇ هويلىغا كىرىپ كەتتى، — دەپتۇ. موماي:

— قورقماڭ، بالام، ئۇچىڭىز بار. سىز ئاۋۋال ماڭا توملۇقىنى بىلىڭىزدەك، ئىنچىكىلىكىنى بىلىكىڭىزدەك كېسىپ بىر ئاش ئېتىپ بېرىڭ، سۇيۇقئاش سېغىنىپ قالدىم، قىزىم، — دەپتۇ. قىز:

— خوپ، چوڭ ئانا، — دەپ قوللىرىنى يۇيۇپ، ئاشقا تۇتۇش قىپتۇ. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا خېمىرىنى چاچتەك كېسىپ، ناھايىتى مەززىلىك ئۇگرە ئاش ئېتىپ مومايىنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ. موماي ئاشنى ئىچىپ بولۇپ:

— قىزىم، ئەمدى قازان - قومۇچنى يۇيۇپ، يۇندىسىنى مورىغا، ئۆينى سۈپۈرۈپ، ئەخلىتىنى تۇڭلۇككە تۆكۈۋېتىڭ، — دەپتۇ. قىز دەررۇ قازان - قومۇچلارنى يۇيۇپ، يۇندىسىنى ئەۋرەزگە، ئۆينى سۈپۈرۈپ، ئەخلەتنى ھويلىدىكى ئورىغا تۆكۈپتۇ. موماي:

— قاراڭ، قىزىم، تۇرۇپلا بېشىم قىچىشىدىغان بولۇپ قالدى، چېچىمنى يۇلۇۋېتىڭ، — دەپتۇ. قىز مومايىنىڭ بېشىنى يۇيۇپ - تاراپ، ئوبدان ئۆرۈپ قويۇپتۇ. موماي خۇش بولۇپ:

— رەھمەت ! ئەمدى، قىزىم، ئاۋۇ بۇلۇڭدىكى كۆپتە ئۈچىڭىز بار، ئېلىپ ئۆيىڭىزگە ئىلدام كېتىڭ، — دەپتۇ.

قىز كۆپنىڭ ئىچىگە بېشىنى شۇنداق تىقىپ قارىسا، يوپيورۇق بىر ئۆي، ئۈنچە - مارجان، ئالتۇن - كۈمۈش... دۇنيا تۇرۇپ كەتكەن. قىز ھېچنېمىگە نەزەر كۆزىنى سالماي، ئۆزىنىڭ ئۈچىنى ئېلىپ قارىسا، ئۈچلار چىرايلىق يىپ بولۇپ ئېگىرىلىپ قاپتۇ. قىز كەينىگە يېنىپ شۇنداق ماڭاي دېسە، بېشى ئېغىر تۇرغۇدەك. سىلاپ باقسا، بېشىغا ئالتۇن كوكۇلا ئۈنۈپ قاپتۇ. قىز مومايغا ئېگىلىپ، رەھمەت - تەزىم ئوقۇپ، خوشلىشىپ ئارقىسىدا-

چە يېنىپتۇ. موماي:

ــ توختاڭ، قىزىم، بىرى كېلىڭ، بېشىڭىزغا كۆن چۈشسە، مۇشۇ چىچىمنى ئوتقا سالسىڭىز، مۇشكۇل ئىشىڭىز ئاسان بولىدۇ، ــ دەپ، بېشىدىن ئىككى تال ئاق چىچىنى يۇلۇپ بېرىپتۇ. قىز يەنە بىر تەزىم قىلىپ قايتىپتۇ. يولدا جاڭگالدىن سېۋەت، چاقلىرىنى ئېلىپ، ماللىرىنى ئالدىغا سېلىپ، ئۆيىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بارسا ئۆگەي ئانا:

ــ ھەي جۇۋاينىمەك، بېشىڭدىكىنى نەدىن تاپتىڭ؟ ساڭا قايسى ئەقىلسىز يىگىت يولۇقتى؟ تىلىڭنى قاغا چوقۇۋالدىمۇ؟ ھەي، گەپ قىل، ئەر سېغىنىپ قالغان ساراڭ! ــ دەپ، ئالتۇن كوكۇلىسىنى قىزى بىلەن كېلىپ يۇلغىلى تۇرۇپتۇ. بىچارە قىز قورققىنىدىن يىغلاپ، بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۆگەي ئانا شۇنچە قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ئالتۇن كوكۇلىسىنى يۇلالماپتۇ، قورسىقىغا بىر ئويىنى پۈكۈپ، ئوشۇقچە گەپ ـ سۆز قىلالماپتۇ.

ئەتىسى ئۆگەي ئانا ئۆزىنىڭ قىزىنى قولىغا ئۇچ ـ چاقلارنى تۇتقۇزۇپ، مال باققىلى چىقارتىپتۇ. ھەجەر قىز ھويلا ـ ئارامنىڭ ئىشىنى قىلىپ، ئۆزىنىڭ باققان كۆچۈكى بىلەن چۇجىسىنى تويغۇزۇپ، باشلىرىنى سىلاپتۇ. ئاندىن كېيىن ھويلىغا ئۆگىنىپ قالغان بىر جۈپ كەپتەرگە ئوغرىلىقچە دان چېچىپ بېرىپ، باغقا چىقىپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ كۈنى ئانىسى پاتىمخاننى نېمە

بولۇپ كېلەركىن دەپ، يولىغا قاراپ، ئۆيدىمۇ ئولتۇرماپتۇ.
ئەمدى گەپنى پاتىمىخاندىن ئاڭلايلى:
پاتىمەك ماللارنى ھەيدەپ، چاقلارنى كۆتۈرۈپ جاڭگالغا بېرىپتۇ. ئىسسىققا چىدىماي ئانىسىنى تىللاپ، ئۇچنى نېمە قىلىشنى بىلمەي، بۇرنىنى تارتىپ يىغلاپ ئولتۇرسا، تۇيۇقسىزدىن قۇيۇن كېلىپ كۆزلىرىگە توپا چېچىپ، ئېتىكىدىكى ئۇچلارنى ئەكېتىپتۇ. پاتىمەك يىغلاپ:
— بېشىڭنى يەيدىغان قۇيۇنتاز... ئۇچۇمنى بەر... ئۇچۇمنى بەر... ئۇچۇمنى بەر ! — دەپ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپتۇ. قارىسا، قۇيۇن بىر يارنىڭ تۆشۈكىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئارقىسىدىن كىرىپ، ئۆينى كۆرۈپ، مومايىنىڭ يېنىغا بېرىپ چالۋاقاپ:
— ھەي قېرى، قۇيۇن تېزلىك ئۇچۇمنى ئەكەتتى، ئېلىپ بەر !... — دەپتۇ. موماي بېشىنى بىر - ئىككى چايقاپ قويۇپ:
— توختا، چالۋاقىما ! ئولتۇر ! ئاۋۋال سەن ماڭا بىر ئاش ئېتىپ بېرىپ، ئاندىن ئۇچۇڭنى ئال، — دەپ، خۇددى تۈنۈگۈن ھەجەر قىزغا بۇيرۇغان ئىشلارنى بۇيرۇپتۇ. پاتىمەك قىلماي دېسە، ئۇچۇمنى بەرمەمدىكىن دەپ، غودۇڭشىپ يۈرۈپ، ئەزمىلىك بىلەن ئاشنى ئېتىپتۇ. كەسكەن ئاشنىڭ توملۇقىنى بېلىدەك، ئەڭ ئىنچىكىسىنى بىلىكىدەك قىلىپ پىشۇرۇپتۇ. موماي ئاشنى ئىككى ئوتلاپ نېرى ئىتتىرىپ قويۇپتۇ، ئاندىن پاتىمەك قازان - قومۇچىنى چاقۇر -

چۇقۇر سىلكىپ يۇيۇپ، يۇندىنى مورىدىن، ئۆينى سۈپۈ-
رۈپ، ئەخلىتىنى تۆڭلۈكتىن تۆكۈپتۇ، كېلىپ دۆشكەلەپ،
موماينىڭ چېچىنى يۇلۇپتۇ... موماي ئىچىدە ئۆگەي ئانا
بىلەن پاتىمەككە لەنەت ئوقۇپ:

— ئاۋۇ بۇلۇڭدىكى كۈپتە ئۇچۇڭ بار، ئەكەت! —
دەپتۇ. پاتىمەك يۈگۈرۈپ بېرىپ كۈپنىڭ ئىچىگە بېشىنى
تىقىپ، شۇنداق قارىسا، دۇنيا دېگەن تۇرۇپ كەتكەن. ئاچ
كۆزلۈك بىلەن يەڭلىرىنىڭ ئىچىگە بىرمۇنچە ئالتۇن-
كۈمۈشلەرنى تىقىۋېلىپ، ئۇچىنى ئاپتۇ-دە، ئارقىسىغا
قارىماي ئۆيىگە يۈگۈرۈپتۇ. يولدا ماللىرىنى ئالدىغا سې-
لىنىپ، چاقنى كۆتۈرۈپ كېتىپ بارسا، بېشى قىچىشىپتۇ،
ھە راست، مېنىڭ بېشىمغىمۇ ئالتۇن كوكۇلا ئۈندۈرمىكىن



دەپ بېشىنى سىلاپ باقسا، بېشىنى قوماق بېسىپ، چوق-قىسىدا بىرنېمە پۇلتىيىپ لۆمۈلدەپ تۇرغۇدەك. شۇ يەردىن ئۇ مالىلىرىغىمۇ قارىماي يىغلاپ مېڭىپتۇ. ئاڭغىچە ئالدىغا ئانىسى يېتىپ كېلىپ:

— ۋاي جېنىم قىزىم، كەچ قالدىڭغۇ؟! يائاللا، نې-مىگە يىغلايسەن؟ نېمە بولدى؟ بېشىڭنى نېمىشقا يۆگىۋال-دىڭ؟! — دەپ، ئالدىراپ قىزىنىڭ بېشىنى ئېچىپتۇ، قا-رىسا، بېشى كەيمە تازغا ئايلىنىپ، چوققىسىغا بىر ئې-شەكمەدىكى ئۈنۈپ قاپتۇدەك. ئۆگەي ئانا: «ۋاي ئۆلەي، قانداق پەس، بالامغا قىلغاندۇ قەست!» دەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ، يىغلاپتۇ. قىزىنى ئۆيگە سولاپ بېقىپتۇ، قىلمىغان داۋا، بارمىغان مازا قالماپتۇ، ھەممىسىلا ھېچ كار كەلمەپتۇ. قىزى موماينىڭكىدىن ئوغرىلاپ كەلگەن پۇلدىن نەچچە ھەسسە پۇل چىقىپتۇ، ئورنىغا كەلمەپتۇ.

ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى شۇ شەھەردە بىر باي كاتتا توي قىلىپ، يۇرتتا بىرمۇ ئۆي قالدۇرماي تويغا چىللاپتۇ.

ئۆگەي ئانىنىڭ تويغا بارغۇسى كەپتۇ، تويدىن زەللە ئالغۇسى كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى قاق سەھەردە، قاغا قاق دېمەستە، ھەجەر قىز مالىلىرىنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىۋاتسا، ئۆيدە يېتىپ:

— ھەي، ھەجەك... مەيەرگە كەل، جۇۋاينىمەك! — دەپ توۋلاپتۇ. ھەجەر قىز كىرسە:

— ھەي ئۇيقۇ سارىڭى قاسماق، بۈگۈن ئەجەب بىر
سەگەكلىكىڭ تۇتۇپ كېتىپتۇغۇ ! بېرىرەك كەل، ما گې-
پىمنى ئاڭلا، بۈگۈنچۈ، بىز تويغا بارىمىز. سەن ئاۋۇ مال-
لىرىڭنى بىر ھەقەمساينىڭ ماللىرىغا قوشۇپ قويۇپ،
ئىلدام كىر، ئەزمە ! — دەپتۇ.

قىز ماللارنى قوشنىلارنىڭ ماللىرىغا قوشۇپ قويۇپ،
يېنىپ كىرىپتۇ، كىرىپ ھويلا - ئارامىلارنى سۈپۈرۈپتۇ،
قاپاقتا سۇ ئەكىرىپ، بوش قاچىلارنى تولدۇرۇپتۇ، كۆچۈ-
كىگە ئاداپ ئېتىپ بېرىپ، پېشايۋاندا چۆجىسىنىڭ بېشى-
نى سىلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆگەي ئانا بىلەن قىزى ياسىنىپتۇ.
پاتىمەك ياسىنىپ بولۇپ:

— ئاپا، بىز كەلگۈچە ھەجەك ساراڭ بىكار ئولتۇرام-
دۇ؟ — دەپتۇ. ئانىسى:

— ۋىيىەي، نېمە دېگىنىڭ ئۇ، ئۆي ساقلىغانمۇ ئىش-
مۇ؟ ! بىكار تۇرغۇزامدىغان ئۇ تىرىكتاپنى ! — دەپ، قاز-
ناقتىن بىر چارەك ئاقئۇششاق بىلەن بىر چارەك تېرىقنى
ئاچىقىپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر دۆۋە قومنىڭ
ئۈستىگە تۆكۈپ ئارىلاشتۇرۇۋېتىپتۇ، ئاندىن كېيىن:

— ھەي نان قېپى، بىز كەلگۈچە ئاق ئۇششاقنى باش-
قا، تېرىقنى باشقا ئايرىپ، ئىككىسىنى ئىككى خۇرجۇنغا
ئېلىپ قوي، بىر تېلىنى زايە قىلساڭ، كۆزۈڭنى ئو-
يۇۋالىمەن. ئاندىنچۇ، «گۆرۈڭ»گە كىرىپ، ئىككى تاقا

ئـەتلەس توقۇپ قويغىن. هويلا ـ ئارامغا ئوبدان قارا، قىل يىتسە، بوينۇڭنى قـۇشقاچنىڭ بـويىنىنى ئـۈزگەنـدەك ئـۈ- زىمەن. بۇيرۇغان ئىشلىرىم چالا قالسۇنچۇ قېنى، مەنـدىن نېمە كۆرسەن؟ ... — دەپ، پاتىمەكنى ئېلىپ تويغا كې- تىپتۇ.

هەجەر قىز، بۇ نېمىدېگەن زۇلۇم دەپ، قانداق قىلـد- شىنى بىلمەي قېتىپ قاپتۇ. بىرهازادىن كېيىن هوشىنى يىغىپ، هېلىقى مېهرىبان موماينى ئەسلەپتۇ. ئۇنىڭ بەر- گەن چېچىنى قانداق بولاركىن دەپ ئـوتـقـا ساپـتـۇ. شـۇ زاماتلا هويلىدىكى دەرەخلەر شالدىرلاپ، ئـالـەمـنـى قـۇيـۇن قاپلاپتۇ. قىز هويلىدا بىر پىرقىراپتۇ، قالغىنىنى بىلمەي- تۇ... بىر ۋاقىتتا كۆزىنى شۇنداق ئاچسا، ئـوزاقـى يـىـل ئاش ئەتكۈزۈپ، ئىككى تال چېچىنى بەرگەن موماي بېشى- نى سىلاپ ئولتۇرغۇدەك. قىز چاچراپ قوپۇپ تەزىم قىپ- تۇ، يىغلاپ ئۆزىنى مومايىنىڭ قۇچىقىغا تـاشـلاپ، دەردى ـ هالىنى ئېيتىپتۇ. موماي:

— بىلىمەن، قىزىم، بىلىمەن، ئۆزىگە قىلـدۇ، ئـور- نىڭىزدىن تۇرۇڭ ! — دەپتۇ.

قىز ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ قول باغلاپتۇ. موماي:

— يېتىمنىڭ كۆڭلى — مېنىڭ كۆڭلۈم، سىـزنىـڭ غېمىڭىزنى مەن قىلاي، قىزىم. مەڭ ماۋۇ ئاچقۇچنى، ئـاۋۇ ئوتتۇرىدىكى ئىشىكنى ئېچىڭ، تارتىنماي ئىچكىرى كىرىپ

ئالتۇن كات ئۈستىدىكى بوغچىنى كۆتۈرۈپ چىقىنىڭ، ــ
دەپتۇ. قىز ئىشىكنى شۇنداق ئېچىپ قارىسا، ئوتتۇرىدىكى
يېشىل سىرلىق، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن قەۋەتمۇ قەۋەت
گۈللۈك ئىشىكلەر ئارقا ـ ئارقىدىن جاراڭلاپ ئېچىلىپتۇ.
قىز موماي دېگەن يەردىن بىر بوغچىنى ئېلىپ، تەن ـ
تېنىگە سىغماي خۇش بولۇپ كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. موماي
قىزنى يوغان تەشتەككە چۈشۈرۈپ سوپۇنلاپ يۇيۇپتۇ، ئەد-
يانلىرىنى پاكىز سۈرتۈپ، بىشىنى تاراپ، ھېلىقى بوغچىد-
دىكى تۈرلۈك كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيدۈرۈپتۇ، كىي-
دۈرگەندە ئۈستىگە ھوردەك يۇمشاق، ئەينەكتەك سۈزۈك
مەشۇت كۆڭ-
لەك، چىمەن
گۈللۈك تاۋار
كەمزۇل، چىلد-
تەك پەشلىك،
ئۇقا ياقىلىق
كىمخاب چاپان،
تىللا دوپپا
كىيدۈرۈپتۇ،
دوپپىنىڭ ئۈس-
تىگە ئۈنچە،
مارجان، ياقۇت
چېچىلغان يىپەك



رومال ئارتىپتۇ، پۇتىغا ئالتۇن كەشتىلىك گۈلچاڭ مەسە-
لەرنى كىيدۈرۈپتۇ، بىلەكلىرىگە قوش ئالتۇن بىلەزۈك،
قوللىرىغا گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈك، قۇلاقلىرىغا زۇمرەت
كۆزلۈك ئالتۇن زىرە سېلىپ، ھۆر - پەرىلەردەك يا-
ساندۇرۇپتۇ. ئۈستىگە ياغلىق توقاچ، ئەتلەس، جانان چى-
نىلەر قويۇلغان بىر پەتنۇس ھازىرلاپ، يىپەك داستىخان
بىلەن ئوراپ، موماي قولىدا تۇتۇپتۇ - دە: «يۈرۈڭ، قى-
زىم» دەپتۇ. قىز بىر ياقتىن خۇش بولۇپ، بىر ياقتىن
ئەنسىرەپ:

— نەگە بارىمىز؟ تېرىقلارنى قاچان ئادالاپ بولىمەن،
جېنىم موما؟ ! — دەپ كۆزىگە ياش ئاپتۇ. موماي كۈيۈ-
نۈپ:

— بىچارە قىزىم، غېرىب قىزىم، ئەنسىرىمەڭ دېدىم-
غۇ. قىزىم، شۇ باغرى تاش، قولى قان ئۆگەي ئانا بارغان
تويغا سىزمۇ بارىسىز، بارغاندا ئۇلاردىن ئارتۇق ئىززەت -
ھۆرمەت بىلەن توي كۆرۈپ، كۆڭۈل ئېچىپ كېلىسىز.
سىز تويدىن يانغۇچە، تېرىق ئايرىش، ئەتلەس توقۇش، ئۆي
ساقلاش — جىمى ئىشلىرىڭىز بەجا بولۇپ تۇرىدۇ. قېنى،
قىزىم، مومىڭىزغا ئىشىنىپ، بىسمىللا دەپ بوسۇغىدىن
ئاتلاڭ، — دەپتۇ.

قىز بوسۇغىدىن شۇنداق ئاتلىشىغا، بىر چوكان كې-
لىپ قىزنى قولتۇقلاپ مەپىگە چىقىرىپتۇ. قىز قارىسا،
كىمخاب يوپۇقلۇق قوش ئات قوشۇلغان ئالتۇن مەپە

جاراڭلاپ، بىر مەپىكەش بوۋاي ئاتلارنىڭ بوجىلىرىنى تۇ-
تۇپ تۇرغۇدەك. موماي ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ:

— يېتىمنىڭ ئاھى، مومايىنىڭ دۇئايى، يولۇڭلار راۋان بولسۇن، دۈشمەنلەر ھەيران بولسۇن!... ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر، — دەپ دۇئا قىپتۇ.

قىز بىر قۇيۇننىڭ كەلگەنلىكىنى، مومايىنىڭ ھويلىسىدىكى گۈللەرنىڭ ئۆزگە تەزىم قىلىپ ئېگىلىپ، دەل-دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ ئالىيېشىل كېپىنەك بولۇپ ئۇچقانلىقىنىلا بىلىپتۇ، قالغان ئىشلارنى بىلمەپتۇ..

قىز شۇنداق ئېسىنى يىغىپ قارىسا، مەپە ناغرا، كاناي، ناخشا - ئۇسسۇل، داغدۇغا بىلەن توي - مەرىكە بولۇۋاتقان ھويلىغا كىرىپ توختاپتۇ. توي ئىگىلىرى، ساھىبخانىلار:



— ۋاي، ئېسىل مېھمان كەلدى، تويىمىزنىڭ ھۆرمە-
تى ! — دەپ، قىزنى پاياندازلارغا دەسسىتىپ، خوتۇن
خەقلەر قايىنىغان كەڭ سورۇنلۇق ياسىداق سارايغا باشلاپتۇ.
چوڭ - كىچىك ھەممە ئورۇنلىرىدىن دۈررىدە قوپۇپ،
كۆرۈشۈپ تۆرگە ئۆتكۈزۈپتۇ. تۆردىكى خوتۇنلارنىڭ بىرى:
— بۇ قىز قايسى شەھەرنىڭ مەلىكەزاتىدۇ؟ — دەپتۇ.
يەنە بىرى:
— قايسى باينىڭ ئەركە قىزىدۇ؟ — دەپ ھەيران
بولۇشۇپ قاپتۇ.
ئاڭغىچە مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇلۇپ، داستىخان
سېلىنىپتۇ. يەتمىش خىل يەل - يېمىش، قەنت - گې-
زەكلەر تىزىلىپ، چاي قۇيۇلۇپتۇ. ئارقىدىن ھالۋا، قايماق،
رىشالە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇگرە، قورداق، كاۋاپ، قويۇق
ئاشلار تارتىلىپتۇ. ھەجەر قىز سورۇنغا شۇنداق سەپسېلىپ
قارىسا، ئۆگەي ئانىسى قىزى بىلەن ئەڭ ئاياغتا — كەش
بازىرىدا ئولتۇرغۇدەك. ئۇنىڭ بايلىقى، ھال تارتىشلىرى بۇ
چوڭ توي - تۆكۈنگە كەلگەن نى - نى باي، ھال تارتىپ
ئولتۇرغان خېنىملارنىڭ ئالدىدا نە - نەلىدە قاپتۇ. شۇنداق
بولسىمۇ، ھەجەر قىز ئالدىغا نېمە كەلسە: «ئاۋۇ مېھمانغا
سۇنۇۋەتسىلە، خاپا بولماي...» دەپ، «ئانىسى» بىلەن «سىڭ-
لىسى»غا ئۇزىتىپ تۇرۇپتۇ، «ئالسىلا، قىزلىرىمۇ ئوبدانراق
باقسۇن» دەپ تىنماي تەكلىپ قىلىپ تۇرۇپتۇ...
كۈن خېلى ئېگىلىپ، توي ئاياغلىشاي دەپ قاپتۇ.

قىز ھەممىدىن ئىلگىرى ئۈزاپتۇ، شۇنچە تۇتسا ئۇنىماپتۇ. ھەممە خوتۇن ـ قىزلار: «ئۆيگە يورۇقى چۈشكۈدەك ئەجەب چىرايلىق قىز ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەمگەرچىلىكـ چۇ !...» دەپ ئارقىسىدىن قارىشىپ قاپتۇ.

قىزنىڭ مەپىسى كەڭ چۆل ـ جاڭگاللار بىلەن مېـ ڭىپتۇ. بىر يەرگە كەلگەندە، چىمەنلىك ئارىسىدا سۇ ئېـ قىۋاتقان چوڭ بىر ئۆستەڭ بويىغا كەپتۇ. قىز بىردەم ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئۆستەڭ بويىغا چۈشۈپتۇ، چىمەنـ لىك قىرغاقتا ئولتۇرۇپ، سۇنى ئوچۇمى بىلەن ئاسمانغا ئېتىپ، مارجان چاچما قىلىپ ئويناپتۇ، سۇنىڭ مارجانلىـ رىغا قاراپ تېرىق ئېسىگە چۈشۈپ، كۆڭلىنى ئەندىشە بېسىپتۇ. ئاڭغىچە مەپىكەش:

— ھوي قىزىم، يىراقتىن ئاتلىقلارنىڭ قارىسى كۆرۈنۈۋاتىدۇ، بۇ يەردىن ئىتتىكرەك كەتسەكمىكىن؟ — دەپتۇ.

قىز يۈگۈرۈپ مەپىگە چىقىپتۇ. مەپە يولغا چۈشۈپ، بىر قۇيۇن بىلەن غايىب بوپتۇ. شۇ ئالدىراشلىقتا قىزنىڭ بىر پاي ئالتۇن كەشى سۇ بويىدىكى چىمەنلىككە چۈشۈپ قاپتۇ.

ئەمدى گەپنى قىزنىڭ ئۆيىدىن ئاڭلايلى:

قىز تويغا ماڭغاندىن كېيىنلا، قۇيۇن ئانا — مېھرىـ بان موماي ئۆگەي ئانىنىڭ ھويلىسىدا يەنە پەيدا بوپتۇ. شۇ زاماتلا ھەجەر قىزنىڭ باققان كۈچۈكى، چۈجىسى،

پېشايۋاندىكى بىر جۈپ كەپتەر موماينىڭ چۆرىسىگە ئولى-شىپ ئەركىلەپ، پۇتلىرىنى چوقۇلىشىپ - سۆيۈشۈپ كې-تىپتۇ. موماي ئالىقىنىدىن بىر پارچە خېمىرنى چىقىرىپ، كىچىككە بىر چىشلەم، خوراز بىلەن كەپتەرلەرگە بىرنەچ-چە ئۇششاق كومىلاچ قىلىپ ئايرىپ تاشلاپ بېرىپتۇ. كۈ-چۈك خېمىرنى يەپلا زۇۋانغا كېلىپ:

— ئانا، هويلىغا هېچ يەردىن، هېچكىمنىڭ كۆز قى-رىنى سالدۇرماي قارانچۇق بولىمەن، — دەپ، تام تۆپىلى-رى، دەرۋازىلارغا كۆز - قۇلاق بوپتۇ. خوراز سۆزگە كې-لىپ، ئۆگزىگە ئۇچۇپ چىقىپتۇ - دە، تۆت ئەتراپىغا قاراپ:

— قى - قى - قىق ! ئارىلىشىپ كەتتى تېرىق... هەممىمىز ئولىشايلى، يېتىم قىزغا بولۇشايلى ! قى - قى - قىق ! قى - قى - قىق ! — دەپتۇ. تەرەپ - تەرەپتىن، تۇشمۇتۇشتىن قوشنا - قولۇملارنىڭ توخۇلىرى هويلىغا يىغىلىپتۇ. كۈچۈك ئۆيدىن خۇرجۇننى چىشلەپ ئاچىقىپ بېرىپتۇ. توخۇلار ئولىشىپ چوقۇپ، خۇرجۇننىڭ بىرىگە ئاقئۇششاقنى، يەنە بىرىگە تېرىقنى ئايرىپ تاشلىغىلى تۇرۇپتۇ. كەپتەرلەرمۇ سۆزگە كېلىپ:

— لەببەي، ئانا، بىز خىزمىتىڭىزگە تەييار، — دەپلا ئاسمانغا ئۇچۇپ غايىب بوپتۇ - دە، بىردەمدىلا بىرمۇنچە كەپتەرلەرنى باشلاپ كەپتۇ. ئۇ كەپتەرلەر باغقا چۈشۈپ، هەربىرى بىردىن مېۋە دەرىخىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، پەرى





قىزلارغا ئايلىنىپتۇ. باغدىن قاتار بولۇپ چىقىپ، سۇپىدا
ئولتۇرغان موماينىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپتۇ، تەزىم قى-
لىپ جىم تۇرۇشۇپتۇ. موماي قىزلارنىڭ باشلىقىغا: «كې-
لىڭ، قىزىم» دەپ شەرەت قىلىپ، قولىقىغا بىرنېمىلەر-
نى دەپتۇ. قىزلار دەررۇ ئەتلەس توقۇيدىغان ئۆيگە كىرىپ،
ئۈن - تىنسىز ئىشقا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بىرى يىپلارنى
بوياپتۇ، بىرى ئۆرۈش تارتىپتۇ، بىرى توقۇپتۇ، بىرى
پاتلاپتۇ، بىرى قاتلاپتۇ، شۇنداق قىلىپ، ھەش - پەش دې-
گۈچىلىكنىڭ ئارىلىقىدا ئىككى تاقا ئەتلەس توقۇلۇپ،
ئۆگەي ئانىنىڭ ساندۇقى ئۈستىگە تىزىلىپتۇ. ئاڭغىچىلىك
توخۇلارمۇ تېرىقنى ئايرىپ خورجۇنغا قاچىلاپ بوپتۇ، موماي
بىلەن خوشلىشىپ، ئۆز جايلىرىغا تاراپتۇ.

قىزلارمۇ ئاقئۇشىشاق، تېرىقلارنى ئۆز جايىغا ئەكىرىپ، ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېتىپ، ئىش - كۈشلىرىنى تۈگىتىپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىزىلىپتۇ. موماي ئالىقىنىدىن يەنە بىر پارچە خېمىرنى چىقىرىپ، بايىقىدەك كۈچۈك، خوراز، كەپتەرلەرگە بۆلۈپ بېرىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ خوشلىشىپتۇ. ئاندىن كېيىن قىزلارنى باشلاپ باغقا كىرىپ غايىب بوپتۇ...

ئەمدى گەپنى يېتىم قىزدىن ئاڭلايلى:

ھەجەر قىز سۇ بويىدىن يولغا چىقىپ غايىب بولغاندا، ئۆزىنى مومايىنىڭ ھويلىسىدا كۆرۈپتۇ. موماي:

— كېلىڭ، قىزىم، — دەپ ئۆيگە باشلاپتۇ. قىز كېلىپ تويدىن ئەكەلگەن نان - توقاچلارنى مومايىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ، تويدا بولغان گەپ - سۆزلەرنى قىلىپ بېرىپ:

— چوڭ ئانا، مەن تۆردە ئولتۇردۇم، «ئانام» قىزى بىلەن پەگاھدا ئولتۇرۇپتۇ. يەل - يېمىش، ئاش - غىزا مەندىن باشلاپ تارتىلدى. كىيدۇرگەن كىيىملىرىڭىز، بولغان ئىززەت - ھۆرمەت، مېھماندارچىلىقنىڭ خۇشاللىقىدىن گېلىمدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى. ئالدىمغا كەلگەن مەزەلەرنى «ئانام» بىلەن «سىڭلىم»غا سۇنۇپ تۇردۇم. ئىچ - قارنىم ئېچىلىپ، كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ، ئوبدان ئويناپ كەلدىم. سىلىگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت... — دەپ، بىرنېمىدىن خىجىل بولغاندەك يەرگە قاراپتۇ.

— ئوبدان قىپسىز، قىزىم، «ئانىڭىز»نىڭ ئەقلى

بولسا ئويلاپ قالار... بەختىڭىز ئېچىلسۇن... بىر پاي كەشنىڭ كارى چاغلىق ... ئەمدى، قىزىم، ئۆز ئۆيىڭىزگە قايتىڭ، — دەپ قىزنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە ئاستا بىر سىلاپتىكەن، قىز ئۆزىنى ئۆز ھويلىسىدا كۆرۈپتۇ. قارىسا، ھەممە ئىشلار قىلىنىپ بولغان...

ئاڭغىچىلىك ئۆگەي ئانىسى قىزى بىلەن دەرۋازىنى مۇشتلاپتۇ، ھويلىغا كۆرەڭلەپ، ئالچاڭشىپ كىرىپ كەپتۇ. ئۆگەي ئانا كىرىپلا:

— ھەي يېتىم ئوغلاق، بۈگۈن ئەجەب پاكىز بولۇپ قاپسەنغۇ ! سۇنى بۇزۇپ... ئەرگە تەگكۈڭ كەلدىمۇ يا ؟ كۆرە، بۇ چىرايلىق ئاشقنى ! — دەپ كېكىرىپ، كالپۇك-لىرىنى سەتلەشتۇرۇپ زاڭلىق ئېتىپتۇ. پاتمەكمۇ:

— ئەرگە تەگكۈسى كەلمىسە، باش - كۆزلىرىنى تاراپ، ياسىنىشنى كىم قويۇپتۇ بۇ سەت ساقلاندىغا ! ھوي، تېرىقلارنى ئادالىدىڭمۇ؟ گەپ قىل ! — دەپ بارغان بويى ھەجەر قىزنىڭ بىرنەچچە يېرىنى چىمدىۋاپتۇ. ھەجەر قىز:

— ئىلغاپ بولدۇم، ئەتلەسنىمۇ توقۇپ قويدۇم... ئۇ-نىڭدىن كېيىن باش - كۆزۈمنى يۇيۇپ - تارىۋالدىم، — دەپ يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ، ئاقئۇششاق، تېرىق، ئەتلەس-لەرنى ئاچىقىپ كۆرسىتىپتۇ. ئۆگەي ئانا ئىشنىڭ ئې-پىنى ئەمدى تېپىپتىمەن، دېگەندەك قىلىپ، ئەتلەسلەرنى كۆرۈپ، ھېجىيىپ - كالچاراپتۇ. ھەجەر قىز:

— ئانا، توي قانداق ئۆتتى؟ نېمە ئىشلارنى كۆرۈپ كەلدىلە؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۆگەي ئانا:

— ۋاي قوۋۇرغام، ئاڭلىغۇڭ كەلدىمۇ؟ ئاڭلا ئەمىسە، — دەپ ھېكايىگە چۈشۈپتۇ، — يۇرت يۇرت بولۇپ، مۇنداق توي بولمىغان. يۇرت دەۋرەپ كېتىپتۇ. نى - نى يۇرتلار - دىن خېنىملار كەپتۇ. تويغا بىر يۇرتتىن بىر مەلىكىزات كەپتىكەن، بىزمۇ بىر داستىخاندا بولدۇق. قارىساڭ، بۇ پەرىزاتنى دۇنيادا بىرلا دەيسەن. ئۇ قىز شۇنچە خوتۇن خەقلەرنىڭ ئارىسىدا بىزگە ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتتى. ئۇ قىز شۇنچە توق بېسىق، چوڭ سۇپەت قىز ئىكەن. ئال - دىغا نېمە كەلسە، ماڭا سۇنۇپ تۇردى. مەن يېدىم، سىڭلىڭ يېدى. توي دېگەندە ھەممە نېمە تۆكمە بولۇپ كەتتى. سىڭلىڭنىڭ توينى مەنمۇ شۇنداق قىلىپ بېرىمەن ! — دەپ سۆزلەپ كېتىپتۇ. ھەجەر قىز:

— ئانا، مەن تۇرۇپ، سىڭلىمنىڭ گېپىنى قىلىپ كەت - تىڭىزغۇ؟ — دەپ سىلىپ، يەرگە قارىۋاپتۇ. ئۆگەي ئانا:

— ۋاي قوۋۇرغام... ئۆزۈڭ پادا باققان يەردە بىرنى تېپىۋالارسەن. ساڭا توي نەدە تۇرۇپتۇ؟ — دەپتۇ. پاتىمەك:

— بۇ نەس باسقان قاچانمۇ پېشانەمدىن ئېرار؟ ! — دەپ تىللاپ، — مە، يەنە ساڭا ياخشىلىق قىلىپ ئالغاچ كەلدۇق ! — دەپ، تويدىن ئاشقان - تاشقان گۇرۇچ، سۆ - ڭەكلەر سېلىنغان بىر يېلىم چۆچەكنى ھەجەر قىزنىڭ ئالدىغا دوققىدە قىلىپ تاشلاپ قويۇپتۇ. ئۆگەي ئانا:

— ھەي، يۇنداڭنى ئىتتىك ـ ئىتتىك ئىچىۋېلىپ، خەققە قوشۇپ قويغان ماللارنى ئاچىق. ئاندىن «گۆرۈڭ»گە كىرىپ ئەتلەسلىرىڭنى توقۇ! — دەپ، قىزى بىلەن ئىچ- كەركى ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ.

قىز چۆچەكتىكى سۆڭەكنى كۈچۈككە، گۇرۇچنى خوراز بىلەن كەپتەرلەرگە چېچىپ بېرىپتۇ.

ئەتىسى ھەجەر قىز مال باققىلى چىقىپ كېتىپ بار- سا، ئۆگەي ئانا:

— ھەي جىگدە پۇرىقى تەگكەن سارالڭ، توختا! ماللارنى پادىغا قوشۇپ بېرىپ، ئىلدام كىر. ئەمدى سەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئەتلەس توقۇيسەن. تويدا جىق خوتۇنلارغا ئەتلەس سېتىپ بېرىدىغان بولۇپ، نەرخىنى توختىشىپ كەلدىم. ھۈنەرگە سالغانمۇ مەن! پادا بېقىشتىن قۇتقۇ- زۇپ ئۆيدە ئولتۇرغۇزغانمۇ مەن! باشقا يەردە سەندەك شۇم قۇش ئىرىماسلارغا مۇنداق دۆلەت نەدە تۇرۇپتۇ؟! بىلسەڭ، مۇشۇلارنىڭ قەدرىگە يېتىپ، رەختلەرنى ئوبدان توقۇساڭ بولىدۇ، — دەپتۇ.


شۇنىڭ بىلەن قىز قاراڭغۇ ئۆيگە سولىنىپ، بۇرۇن- قىدىنمۇ ئېغىر ئىشقا قاپتۇ...

ئەمدى گەپنى ھېلىقى چۈشۈپ قالغان بىر پاي ئالتۇن كەشتىن ئاڭلايلى:

شۇ شەھەرنىڭ بىر پادىشاھى بولۇپ، ئۇنىڭ شاھزادە ئادىل دېگەن بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ شاھزادە بالىغ

بولغاندىن كېيىن ئەلچىلەر نى ـ نى كاتتا باي، ۋەزىر، پادىشاھلارنىڭ قىزلىرىدىن لايىق كۆرسەتسە، «ئۆزۈم تېپىپ ئالىمەن، كۆڭلۈم چۈشكەننى ئالىمەن» دەپ ئۇنىماپتىكەن. ئۇ شاھزادىگە خىزىر يولۇققانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن دادىسىغا قارىغاندا، ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىدىكەن، يۇرتلارغا، تاغنىڭ ئارىلىرىغا يول، دەريا ـ ئۆستەڭلەرگە كۆۋرۈك سالدۇرىدىكەن...

بىر كۈنى شاھزادە ئادىل شۇ يۇرتتىكى بىر چۆلگە سۇ چىقارغۇزماق بولۇپ، ۋەزىر ـ يارەنلار بىلەن ئاتلىق چۆلگە چىقىپتۇ. ماڭا ـ ماڭا كۈن قايرىلغان ۋاقىتلاردا تۇغان ئايرىيدىغان سۇنىڭ بويىغا بېرىپتۇ. شاھزادە چىمەنلىك بىلەن شۇنداق سۇنىڭ بويىغا قاراپ كېتىپ بارسا، بىر نەرسە ئەتراپقا نۇر چېچىپ تۇرغۇدەك. سۇدىن چىقىپ قالغان بېلىق ئوخشايدۇ، دەپ ئاستا يېقىن بارسا، بىر كەش. كەش



بولغاندا بۇ ئىقلىمدا ھېچقانداق ئۈستىنىڭ قولىدىن كەل-
مەيدىغان شۇنداق چىرايلىق بىر كەش. شاھزادە كەشنى
مەيدىسىگە بېسىپ قېتىپ قاپتۇ، تاتلىق چۈشلەرگە ئوخ-
شاش ھۇزۇرلۇق خىياللارغا پېتىپ قاپتۇ. بىرھازادىن
كېيىن ئېسىنى يىغىپ:

— ئاتامغا ئات چېپىڭلار. مۇشۇ كەشنى كىيگەن
قىزغا كۆڭلۈم چۈشتى. خەۋەر قىلىڭلار. مەيلى ئۇ ئادەمزات
بولسۇن، مەيلى پەرىزات بولسۇن، ئۇنى ئالماي مۇرادىمغا
يەتمىگەيمەن... — دەپتۇ.

ئەمدى گەپنى قىزنىڭ ھويلىسىدىن ئاڭلايلى:

كۈنلەرنىڭ بىرىدە: «پادىشاھنىڭ ئوغلى بىر پاي ئالتۇن
كەشنى كىيدۈرۈپ بېقىپ، كىمنىڭ قىزىنىڭ پۇتىغا خوپ
كەلسە، شۇ قىز بىلەن توي قىلغۇدەك» دېگەن گەپ -
سۆز ئۆگەي ئانىنىڭمۇ قۇلىقىغا يېتىپ كەپتۇ. شۇ يەردىن
ئۆگەي ئانا پاتمەكنىڭ بېشىدىكى ئېشەكمەدىكىنى يەنە بىر
قۇر كېسىپ تۈزلەپ، بېشىغا چاچلارنى چاپلاپ، ئۈستىگە
يىپەك رومال، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەمچەت تۇماقنى، ئۇچىسى-
غا كىمخاب تاۋار، پۇتلىرىغا گۈلچاڭ مەسلەرنى كىيدۈ-
رۈپ، ئۆزىچە گۈلدەك ياساندۇرۇپ تەييارلىنىپتۇ. ھەجەر
قىزنى بولسا، ئالتۇن كوكۇلىلىرىنى تېخىمۇ بېشىغا پۈك-
لەپ قاتلاپ، ئۈستىگە خېمىرلارنى چاپلاپ، كېپەكلەرنى
سۇۋاپ، ئەسكى لاتىلار بىلەن تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈپ ئوراپ:
«كۆزۈمگە كۆرۈنمەي ئىشىڭنى قىل!» دەپتۇ.

ئاڭغىچە پادىشاھنىڭ يۇرت ئارىلاۋاتقان ياساۋۇللىرى، كەش كۆتۈرگەن كېنىزەكلىرى يېتىپ كەپتۇ. ئۆگەي ئانا ھەجەر قىزنى سۆرەپ ئاپىرىپ ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئەسكى تونۇرغا چۈشۈرۈپ، ئۈستىنى كونا توقۇم بىلەن يېپىپ قويۇپ، بىرىپ يەتمىش تەزىم بىلەن دەرۋازىسىنى ئېچىپتۇ. كەلگەنلەر ھويلىغا كىرىپ: «قېنى، قىزلىرىڭىز-نى كۆرسىتىڭ» دەپتۇ. ئۆگەي ئانا مېھمانلارنى ئۆيىگە باشلاپ، پاتىمەكنى ناينالقلىتىپ تۇرۇپ كەشنى پۇتىغا كىيدۈرۈپتۇ، پاتماپتۇ. ئۇنداق كىيدۈرۈپتۇ، مۇنداق كىي-دۈرۈپتۇ، پاتماپتۇ. پۇتلىرىنى كېسىپ شىلىپ بىقىپتۇ، يەنە پاتماپتۇ.

كېنىزەكلەر:

— ئوھوش ! نېمانچىلا قىلىلا سەت قىزلىرىغا... كېتەيلى ! — دەپ مېڭىپتۇ. كېنىزەكلەر ھويلىغا چىقىشىغا ھېلىقى ئاق خوراز يۇگۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ پەشلىرىنى چوقۇپ - چوقۇپ:

— قى - قى - قىق ! قىز تونۇردا... قى - قى - قىق ! قىز تونۇردا... — دەپتۇ. كۈچۈكمۇ يۈگۈرۈپ تو-نۇر بېشىغا چىقىپ، توقۇمنى چىشلەپ تارتىپ تونۇرنى ئېچىپ:

— ھوپ - ھوپ - ھوپ ! مېھمانلار كەلدى... جېنىم ئاچا، قوپ ! — دەپتۇ.

كېنىزەكلەر، بۇ نېمە ئىشتۇر، بىرىپ باقايلى دەپ،

تونۇر بېشىغا يۈگۈرۈپتۇ.

ئۆگەي ئانا:

— ۋاي، ئۇ مېنىڭ ئۆگەي قىزىم... ئۇ تۈزلۈق باشىنىڭ تېزى يۇقىدۇ، بېرىشمىسىلا ! ۋاي، ئۇ تومپاي توڭرىلىقا ئالتۇن كەش نەدە خوپ كەلسۇن... — دەپ قاقشاپتۇ.

كېنىزەكلەر تونۇر بېشىغا شۇنداق چىقىشىغا، تونۇرنىڭ ئىچىدىن بىر قىز چىقىپتۇ. قارىسا، ئەسكى لاتىلارنىڭ ئىچىدە بىر ئاي تۇرغۇدەك، باشلىرىدا ئالتۇن كوكولا... ئۆزى كۇلۇپ تۇرغۇدەك. كېنىزەكلەر كەشنى پۇتىغا شۇنداق كىيدۈرۈپتىكەن، خۇددى قۇيۇپ قويغاندەك يارىشىپ كېتىپتۇ. ياساۋۇللارنىڭ بىرى «سۆيۇنچە» دەپ شاھزادىگە يۈگۈرۈپتۇ. كېنىزەكلەر:

— سىڭلىم، سىزدە بۇ كەشنىڭ يەنە بىر پېيى بارمۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، قىز نېمە دېيىشنى بىلمەي يەرگە قاراپتۇ. ئاڭغىچە پاتىمەك كېلىپ:

— بۇ گادايدا ئالتۇن كەشنىڭ يەنە بىر پېيى نېمە قىلسۇن ! — دەپ تۇرۇشىغا، دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلاپ شامال كەلگەندەك بوپتۇ. ھەممەيلەن ئۇيان - بۇيان قارىشىغا، ئالتۇن كەشنىڭ يەنە بىر پېيى ئۇچۇپ كېلىپ قىزنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

كېنىزەكلەر پاتىمەككە قاراپ:

— پاتىمخان پېتىپ تۇرۇڭ، باش قاشلاپ يېتىپ تۇرۇڭ. سىزنىڭ خىلىڭىز باشقا، سەتلەشمەي كېتىپ تۇرۇڭ !



هوپ... بەللى، هوپ!
خـوپ... بولـدى،
خـوپ! ئىشـشـە!
ئىشـشـە! ـــ دەپ،
بارماقلىرى بىلـەن
مەڭزلىرىنى بېسىپ
زاڭلىق ئېتىپ كۈ-
لۈشۈپتۇ. ئاڭغىچە
ياساۋۇللار مەپىنى
هويلىغا ئەكىرىپتۇ.
قـىزنى ئـولاش ـ
چولاش ئالتۇن گۈل-
لۈك مەپىگە سېلىپ
ئېلىپ مېڭىپتۇ،
كۈچۈك مەپىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپتۇ. خوراز مەپىنىڭ ئارقىسىغا، كەپتەرلەر بولسا مەپىنىڭ ئۈستىگە قونۇپ قىز بىلەن بىللە كېتىپتۇ.

ئۆگەي ئانا بېشىنى مۇشتلاپ، قىزى بېشىنى قاشلاپ، هـۆڭگىرەك ئەتكەن بويى هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يىغلىشىپ قاپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئوردىدىن ئاڭلايلى:

هەجەر قىز ئوردىغا بارغاندىن كېيىن شاهزادە نەچچە كېچە ـ كـۈندۈز توي قىلىپ ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئاپتۇ،

ئۆگەي ئانىنى تويغا قىچقارماپتۇ. بۇنى ئۇقۇپ، ئۆگەي ئانا تېخىمۇ ئەلەمدە قېلىپ پۇچىلىنىپتۇ، خەپ توختا ! دەپ قىزى بىلەن گېپىنى بىر قىلىپ، نىيىتىنى تېخىمۇ بۇزۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەجەر قىز جۇمەلەپمۇ كەلمەپتۇ.

تېخى بىر جۇمە ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئۆگەي ئانا ھەجەر قىزنىڭ ئۆيىگە يوقلىغان بولۇپ بېرىپتۇ.

— نېمىشقا جۇمەلەپ بارمايسىز؟ بىزنىغۇ دېمەڭ، ئۆز ئانىڭىزنىڭ قەدەم جايىنىمۇ سېغىنمىدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ. يېتىم قىزنىڭ ئانىسى تېخىمۇ ئېسىگە چۈشۈپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆيى كۆزىدىن ئۇچۇپتۇ. ھەجەر قىز شاھزادىدىن رۇخسەت سوراپتىكەن، ئىجازەت بېرىپ، قىز- نى ئۆيىگە ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئۆگەي ئانا ھەجەر قىزنى: «ۋاي كېلىڭ، مەلىكەم» دەپ لولىلىق بىلەن مېھمان قىپتۇ. كەچتە: «ھەرقانداق بول- سامۇ مەنمۇ ئانىڭىز، چېچىڭىزنى يۇيۇپ ـ تاراپ قوياي» دەپ قىزنىڭ بېشىنى تەڭنىگە تۇتۇپتۇ. پاتمەك ئارقىسى- دىن كۆرسەتمەي كېلىپ بىر چېلەك ۋاراقلاپ تۇرغان قاي- ناق سۇنى ھەجەر قىزنىڭ بېشىغا قۇيۇۋېتىپتۇ... ئالتۇن كوكۇلىسىنى پاتمەكنىڭ بېشىغا ئەشمە قىلىپ سېلىپتۇ، ئۈستىگە ھەجەر قىزنىڭ كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ، چاناس قىلىپ ياساپ، شاھزادىنىڭ ئۆيىگە يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

شاھزادە سەزمەي پاتمەك بىلەن ئۆي بولۇشۇپ كېتىۋېرىپتۇ. پاتمەك كېچىلىرى بېشىنى ئاستا كارتىلدىتىپ

تاتلىغان ۋاقىتلاردا، شاھزادە سورىسا: «سىزىك بولۇپ قالغان ئوخشايمەن، قوماچ يەۋاتىمەن» دەپ قويۇپتۇ. كۆز-دۈزلىرىمۇ مىڭ بىر پەرداز، مۆغەمبەرلىك بىلەن سەزدۈر-مەپتۇ.

ئەمدى گەپنى ھەجەر قىزنىڭ ئۆلۈمىدىن ئاڭلايلى:

ھەجەر قىز ھېلىقى بېشىغا قايناق سۇ قۇيۇلغان ۋاقىتتا بىر چىرقىراپلا يەرگە يىقىلىپتۇ. ئىچىدە يىغلى-غاندەك بولۇپ قىينىلىپ جان ئۈزۈپتۇ. ئۆگەي ئانا كېچى-دە پاتىمەك بىلەن بىللە ھەجەر قىزنى پۇت-قولىدىن تۇتۇپ سۆرەپ، ئارقىدىكى باغقا ئاچىقىپ كۆمۈۋېتىپتۇ. قىز سۆ-رىلىپ كېتىپ بارغاندا، كۆزىدىن تېمىپ قالغان بىر تامچە قان بىر تورغاي بولۇپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇ تورغاي ھەر كۈنى چۈشلەردە شاھزادىنىڭ بېغىدا ئىشلەيدىغان باغۋەننىڭ مۈرىسىگە قونۇپ سايرايدىغان بوپتۇ. سايرىغاندا:

— شاھزادە خوتۇنى بىلەن ئەپمۇ؟ — دەيدىكەن. باغ-ۋەن:

— ئەپ، — دېسە، تورغاي بىردەم:

— چىر-چىر، يېشىلمەپتۇ سىر، ھۇ، ھۇ-ھۇ! چۇكۇچۇ-چىر، — دەپ سايراپ، يىغلاپ كېتىپ قالىدى-كەن. باغۋەن:

— ئەپ ئەمەس، — دېسە، تورغاي يەنە بىردەم:

— چىر-چىر، يېشىلىدىكەن سىر، ھا، ھا، ھا! چۇكۇچۇ-چىر-چىر، — دەپ سايراپ، كۈلۈپ-

كۆلۈپ كېتىپ قالىدىكەن. باغۋەن كۆندە ھەيران بولۇپ، بۇ ۋەقەنى ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. بىر كۈن- لىرى بۇ سۆز شاھزادىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. شاھزادە باغۋەننى قىچقارتىپ:

— شۇ تورغاينى نەدىن بولسا تۇتقايسەن، ئالتۇن قەپەسكە سېلىپ چىق، سىرىنى ئۆزۈم ئۇققايمەن! — دەپتۇ. باغۋەن ئىلاجسىز:

— خوپ! — دەپ كېتىپ، تورغاينى تۇتۇپ ئەكېلىپ بېرىپتۇ. تورغاي قەپەستە تۇرۇپ يىغلىغاندەك ئاۋاز بىلەن كۈندە سايراپتۇ. سايرىغاندا:

— چىر ـ چىر ـ چىر، چۈكۈچۈ ـ چىر، بۇ ئۆيدە بار يوشۇرۇن سىر... — دەپ سايراپتۇ. دۇنيانىڭ مىڭ تۈرلۈك قىزىقى مېنىڭ قولۇمدا، دەپ پەرۋاسىز يۈرگەن شاھزادە بۇنىمۇ سەزمەپتۇ. لېكىن، ئانىسىنىڭ شۇملۇقىدىن تەلىم ئېلىپ تۇرغان پاتىمەك تورغاينىڭ سىرىنى ئۇقۇپ قاپتۇ. ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن ئاغرىپ يېتىۋاپتۇ. داخانلار- غا گەپ ئۆگىتىپ، پۇل سۇڭگۇتۇپ، ھىيلە تېپىپتۇ. «داخانىنىڭ ئېيتقىنى توغرا، مەن ئاشۇ تورغاينىڭ يۈرىكىنى پىشۇرۇپ يېسەم ساقىيىمەن» دەپتۇ. ئاخىر دېگىنىنى قىلىپ، تورغاينى ئۆلتۈرگۈزۈپتۇ.

بۇ تورغاينىڭ ھېلىقى يېتىم قىز ئىكەنلىكىنى سەز- گەن باغۋەننىڭ خوتۇنى: «ئىسىت جانىۋىرىم! يۈرىكىم، جىگىرىم!...» دەپ يىغلاپتۇ، ھېچكىمگە سەزدۇرمەي،



تورغاينىڭ پەي، گۆش ـ سۆڭەكلىرىنى باغنىڭ ئىچىدىگە كىرىدىغان ئىشىكنىڭ يېنىغا كۆمۈپ قويۇپتۇ. تورغاينىڭ قېنىدىن قىزىلگۈل، پېيىدىن ئەنبەرگۈل ئۈنۈپتۇ، ئىككىسىدىن ئاجايىپ چىرايلىق ئىككى غۇنچە كامالچە بولۇپ ئۆسۈپ، بىر ـ بىرىنى پۇرىشىپ تۇرۇپتۇ...

شاھزادە باغقا كىرىدىغان ۋاقىتتا بۇ گۈللەرنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. ئاڭغىچە ھېلىقى باغۋەننىڭ خوتۇنى ئىككى غۇنچىنى ئاستا ئۈزۈپ شاھزادىگە تۇتۇپتۇ. شاھزادە گۈلنى پۇراي دېگىلى تۇرغاندا، پاتىمەك ئارقىسىدىن ماراپ كېلىپ، گۈلنى ئۈزۈۋېتىپتۇ. گۈلنىڭ بويىنى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشۈپتۇ. پاتىمەك: «ئويناشتىم...» دەپ تولغىنىپ گەپنى تۈگىتىپتۇ...

كۈنلەردىن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئاڭغىچىلىك تورغاينىڭ سۆڭىكى بىر تۈپ چىنار بولۇپ ئۈنۈپتۇ، ناھايىتى چىرايلىق يوغان دەرەخكە ئايلىنىپتۇ. ئەمدى شاھزادىنىڭ بۇ

چىنارغا كۆزى چۈشۈپ، ئەته - ئاخشىمى شۇ چىنارغا قاراپ ئولتۇرىدىغان بوپتۇ.

ئاڭغىچىلىك پاتىمەك بىر بالا تۇغۇپتۇ. شاهزادىنىڭ چىنارغا قارىشىدىن قىزغىنىپ، نىيىتىنى يەنە بۇزۇپتۇ:

— ئاشۇ چىنارنى كېسىپ يىقىتىپ، ياغىچىدىن بالامغا بۆشۈك ياسىتىپ بەرمىسىلە، بۇ ئۆيدە مېنىڭ تۇرا- رىم يوق، — دەپ كۈندىلا شاهزادىنى قىستاپتۇ.

شاهزاده ئاخىر ئۇستا بىر ياغاچچىنى قىچقارتىپ، چىنارنى كېسىپ، بۆشۈك ياساپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن پاتىمەك ئۆزىگە غىزا قىلىپ بېرىدىغان مالاي خوتۇننى قىچقىرىپ:

— سەن ياغاچچىغا قاراپ تۇرغىن، چىنارنىڭ شاخ - پۇتاقلىرىنى، بۆشۈكتىن ئاشقان چىپىندى - خەشەكلىرىنى قويماي ئوتتۇرلۇقچە كۆيدۈرۈۋەتكىن. ئەگەر چىنارنىڭ بىر تال ئۇۋۇقى كۆيدۈرۈلمەي قالسا، ئۆزۈڭنى ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرگۈزىمەن. ئۇقتۇڭمۇ، گاداي ! — دەپ بۇيرۇق قىپ- تۇ. ئۆزىمۇ چىناردىن نېرى كەتمەي، بالا كۆتۈرگەن بولۇپ ئۇستام بىلەن مالاي خوتۇننىڭ كۆزىگە كىرىۋاپتۇ. ئۇستام چۈش بولغاندا قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، دەپتۇ. مالاي خو- تۇن شۇ ۋاقىتتا قارىسا، ئۇستامنىڭ ساقىلىغا بىر كى- چىككىنە خەشەك چاپلىشىپ قالغانىكەن. مالاي خوتۇن دەررۇ:

— ئۇستام، كات بەك يوغانتى، ناننى كاتتىن ئۆزلىرى

ئالسىلا... ــ دەپتۇ. ئۇستام:

ــ ماقۇل، ئەمىسە سىلى بىر ھېجىر سۇ بەرسىلە نانىنى چىلاپ يېگىلى، ــ دەپ ئۆيگە كىرىپ كاتتىن ناننى ئۆزى ئاچىقىپتۇ. ئۇستام كاتتىن ئېلىشىپ ناننى ئالغۇچە، ساقىلىدىكى ھېلىقى خەشەك كاتقا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

پاتىمەك بۆشۈكنى ياستىپ، چىنارنىمۇ جىمىقتۇرۇپتۇ. ئەمما، بۆشۈكنى تەۋرەتكەندە، بۆشۈكتىن دائىم: «غىچ-چاڭ ـ غىچ، دۈشمەن تاز، غىچچاڭ ـ غىچ، شۇمپەن تاز» دېگەن ئاۋاز كېلىدىغان بوپتۇ. شاھزادە بۆشۈكنىڭ بۇ ئاۋازنى نەچچە قېتىم ئاڭلاپ قاپتۇ، يەنە ھېچنېمىنى سەزمەي يۈرۈۋېرىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، پاتىمەك يەنە ئويغا چۆكۈپ قاپتۇ...

ئەمدى گەپنى ئۇستامنىڭ ساقىلىغا يېپىشىپ قالغان خەشەكتىن ئاڭلايلى:

مالاي خوتۇن كېلىپ قارىسا، كاتقا چۈشۈپ قالغان ھېلىقى خەشەك بىر كۈندىن كېيىن ئاجايىپ چىرايلىق بىر توقاچقا ئايلىنىپ قاپتۇدەك. مالاي خوتۇن توقاچنى قولىغا ئېلىپ يۈزلىرىگە سۈرتۈپ، سۆيۈپ، يەنە كاتقا سېلىپ قويۇپتۇ، ئەتىسىگە قارىسا، توقاچ چىرايلىق بىر قىزغا ئايلىنىپ، بېلىگىچە جان كىرىپ قاپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى قارىسا، ھېلىقى ھەجەر قىز تىرىلىپ قاپتۇ. مالاي خوتۇن ئۇنى: «يېتىم سىڭلىم، جېنىم سىڭلىم !...» دەپ قۇچاقلاپ سۆيۈپ، كاتتىن چىقىرىۋاپتۇ. مالاي خوتۇن ئەم-

دى ئاغزىمىزنى ئاچمىساق، قاچان ئاچىمىز دەپ، ۋەقەنى شاھزادىگە بايان قىپتۇ. ئاخىردا مالاي خوتۇن شاھزادىگە: «يالغان بولسا، ئۆزلىرى ئاستا ئۆيۈمگە كىرىپ كۆرۈپ باقسىلا» دەپتۇ.

شاھزادە مالاي خوتۇننىڭ ئۆيىگە كىرىپ شۇنداق قارىسا، باشتىكى ئۆزىنىڭ ئاي يۈزلۈك، ئالتۇن كوكۇللۇق پەرى خوتۇنى. شاھزادە:

— توۋا قىلدىم، ئاھ! — دەپ ھەجەر قىزغا قاراپ سەنتۈرۈلۈپتۇ. قىز:

— يىقىن كەلمەڭ! غايىب بولىمەن... توۋىڭىز راست بولسا، سۆزۈمنى تىڭشاڭ، نېرى تۇرۇڭ! — دەپتۇ. شاھزادە مۆردىدەك قېتىپ، سۆزنى تىڭشاپتۇ.



— ئەگەر مەن بىلەن ياردىشىمەن دېسىڭىز، ئوردىنىڭ بىر تەرىپىگە خالايىقنى، بىر تەرىپىد-

گە پۈتۈن ئوردا ئەھلىنى يىغىپ بېرىسىز، مەن شۇ كاتتا سورۇندا بېشىمدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىمنى خالايىققا سۆزلەپ ئۆتىمەن. شۇ يەردە توۋا قىلىسىڭىز، ئاندىن ئەمىردىڭىزگە ئۆتىمەن، — دەپتۇ. شاھزادە قەسەمياد ئەيلەپ ماقۇل بوپتۇ

ئەتىسى قىزنىڭ دېگىنىدىن ئارتۇق سورۇن تۈزۈپ بېرىپتۇ. ھەجەر قىز چۇۋۇلغان چاچلىرىنى يۈزىگە چۈمبەل قىلىپ، قولىدىكى يوغان بىر سەنگە ساپالنى يەرگە قويۇپ، خالايىققا تەزىم قىلىپ، سەرگۈزەشتىنى يىغلاپ تۇرۇپ شۇنداق بايان قىپتۇكى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياش يوغان ساپال قاچىغا توشۇپ، بىردەمدىلا تېشىپ كېتىپتۇ. تاشقان ياشلار دەرياغا ئايلىنىپ، پۈتۈن ئوردا ئەھلى دەرياغا غەرق بوپتۇ. ئۆگەي ئانا، پاتمەكلەرمۇ ئېقىپ كېتىپتۇ. ھەجەر قىز بۆشۈكنى قولىدا تۇتۇپ قاپتۇ، شاھزادە دەريادىن ئاران بېشىنى چىقىرىپ قىزنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋاپتۇ، خالايىققا قاراپ يىغلاپ توۋا قىپتۇ...

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بىلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

دېگەن ناخشا، مانا شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# قارانىيەت ئايال

قەدىمكى زاماندا بىر خوتۇن ئۆز ھەقەمسايىسىنىڭ خوتۇنى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغانىكەن. بىر كېچىسى ئۇ ناھايىتى كۆپ مەي ئىچىپ مەست بولۇپ، ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ، بالىنىڭ جەسىتىنى ھەقەمسايىسىنىڭ ھويلىسىغا تاشلاپ قويۇپتۇ، ئەتىسى: «مېنىڭ بالامنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ» دەپ، ھەقەمسايىسىگە تۆھمەت قىلىپ، قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرز ـ شىكايەت قىپتۇ. قازى ئۇنىڭ ھەقەمسايىسىنى چاقىرتقۇزۇپ سوراق قىلىپ قورقۇتۇپتۇ:

ـــ راست گەپ قىل، بولمىسا، ئۆلۈمگە بۇيرۇيمەن، ـــ دەپ تەھدىت سالىپتۇ، لېكىن ئۇ خوتۇن قەسەم ئىچىپ زادىلا ئىقرار قىلماپتۇ. قازى:

ـــ ئەگەر سەن مېنىڭ ئالدىمدا قىپيالىڭاچ بولالىساڭ، سۆزۈڭگە ئىشىنىمەن، ـــ دەپتۇ. ئۇ خوتۇن ئۇيىلىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ:

ـــ مەن ئۆلۈمگە رازىمەنكى، يالىڭاچ بولمايمەن، ـــ دەپتۇ. قازى ئۇنى چىقىرىۋېتىپ، ئۆز بالىسىنى ئۆلتۈرگەن

خوتۇننى چاقىرتىپ:

— ئەگەر سەن مېنىڭ ئالدىمدا يالىڭاچ بولالىساڭ،
سۆزۈڭگە ئىشىنىمەن، — دەپتۇ. ئۇ خوتۇن ئۇيالماستىنلا
يېشىنىپ يالىڭاچ بوپتۇ. قازى بۇنى كۆرۈپ، ئۇنى دەرھال
دەررە ئاستىغا ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇ خوتۇن تاياققا چىدد-
ماي ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئۆزى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىقرار
قىپتۇ. قازى ئۇنى دارغا ئېسىشنى بۇيرۇپتۇ.

# ئۆرتوقماق

بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي بىلەن بىر موماي ئۆزىنىڭ ئۈچ ـ تۆت يېتىم نەۋرىسىنى بېقىپ، بىر دەريانىڭ بويىدا ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ پەقەت بىر تۇپلا قاغا جىگدىسى بار ئىكەن، ئۇلار تولىراق شۇ جىگدە بىلەن كۈن كەچۈرىدىكەن. ئەمما، بۇ جىگدىگە قاغىلار ئۆگىنىۋاپتۇ، بىرى كەتسە، بىرى كېلىپ جىگدىگە ئارام بەرمەپتۇ. بوۋاي جىگدىنى قاغىلاردىن ساقلاشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپتۇ. ئويلا ـ ئويلا ئاخىر چارە تېپىپتۇ: بىر كەپتەرنىڭ باچكىسىنى ئۆلتۈرۈپ، قېنىنى پۇتلىرىغا، كىندىكىگە، بېشىغا سۇۋاپتۇ ـ دە، جىگدىنىڭ ئاستىغا كېلىپ، ئۆلۈپ قالغاندەك بولۇپ يېتىپتۇ. بىر چاغلاردىن كېيىن بىر قاغا جىگدىگە كېلىپ قونۇپ، كېپەك باسقان كانىيىنى سوزۇپ قاقىلداپتۇ، بوۋاينىڭ يۈزىگە جىگدىلەردىن بىرنەچچىنى چوقۇلاپ چۈشۈرۈپ سىناپتۇ، قارىسا جىم، «ھەي، بۇ بىر تاپ ئوخشايدۇ» دەپ پەسكە چۈشۈپتۇ، ئاستا ئالچاڭلاپ كېلىپ، بوۋاينىڭ قورسىقى ئۈستىگە چىقىپ، كىندىكتىكى قېنىنى

قالغان قانلارنى چوقۇپ يەپتۇ، ئاغزىنى تامشىپ شۇنداق قارىسا، راستىنلا خۇدا بەرگەن بىر ئولجا. قاغا ئاۋۋال «ئۆلۈك»نىڭ كۆزىنى چوقۇپ يەي دەپ بىر سەكرەپ بوۋاي-نىڭ ئېچىلىپ قالغان ئاغزىغا قونۇپتۇ. نەدە تۇرسۇن كۆ-زىنى چوقۇش... قاغا ئۆز كويىدا قاپتۇ، قارىسا بارماقلىرى بوۋاينىڭ ئاغزىغا قىسىلىپ قاپتۇ. قاغا دەررۇ بىر ھىيلە ئويلاپ: «مۇبارەك بولسۇن تىرىلىپ قالغانلىرىغا، بوۋاي !» دەپتۇ. بوۋاي «ھىم» دەپ ئاغزىنى شۇنداق ئېچىشىغا، قاچ-ماقچى بولغان قاغا ئەمدى ئۆزىنى بوۋاينىڭ چاڭگىلىدا كۆرۈپتۇ. ئاخىر قاغا:

— باش - كۆزلىرىنىڭ سادىغىسى بولاي، مېنى قويۇپ بەرسىلە ! — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— تاس قالدىم كۆزۈمنىمۇ ساڭا سادىغا قىلغىلى. ئەمدى سېنى قويۇپ بېرىش دېگەن نەدىكى گەپ ! — دەپ ئۇنىماپتۇ بوۋاي.

— مەن سىلىنى تۈگىمەس دۇنياغا يەتكۈزۈپ قوياي، — دەپ يەنە يالۋۇرۇپتۇ قاغا.

— مەن چىرايلىق سۆزلەرگە ئالدىنىپ قېرىغاندا مۇ-شۇ كۈنگە قالغان، ئەمدى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ساڭا ئال-دىنىپ نەگە باراي، — دەپتۇ بوۋاي.

— مەن قاغىلارنىڭ ئەڭ قېرىسى، يېشىم مىڭدىن ئاشتى. ئاخىرقى ئۆمرۈمدە ۋەدەمگە شۇنداق بىر ۋاپا قىلىپ ئۆتەيكى، ئادەم بالىسى مېنى بىلىپ قالسۇن... — دەپ

كوسا ئېگەكلىرىنى بوۋاينىڭ ئوتۇندەك بارماقلىرىغا سۇر-
كەپ يىغلاپتۇ قاغا. «قېرى قېرىنىڭ قاياشى» دېگەندەك،
بوۋاينىڭ كۆڭلى ئېرىپ، خەير، بۇنىمۇ بىر كۆرۈپ باقاي
دەپ، قاغىنى قويۇپ بېرىپتۇ. قاغا ئىنتايىن خۇش بولۇپ،
تەزىم قىلىپ:

— قېنى، مېنىڭ ئارقامغا كىرىپ ماڭسىلا، — دەپتۇ.

قاغا بىردەم ئۇ دەرەخكە، بىردەم بۇ دەرەخكە قونۇپ،
ئاخىر بىر جاڭگالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاجايىپ يوغان
قېرى بىر توغراققا كېلىپ قونۇپتۇ. بوۋاي ھاسىسى



بىلەن دوڭغاقلاپ كېلىپ ئەتراپقا شۇنداق قارىسا، مال چارۋا دېگەن مىغىلداپ يايلىغان، قويلارنىڭ ئۈستىدە تورغايلار ئۇۋۇلىغان، سۇلۇق، ئوتلۇق... شۇنداق چىرايلىق بىر جاڭ-گال. قاغا توغراقنىڭ تۈۋىدىكى كامارنىڭ يېنىغا چۈشۈپ:

— خوش، بوۋاي، قېنى ئىلتىپات قىلسىلا، — دەپ ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ. بوۋاي:

— بۇ كامارغا مەن قانداق پاتىمەن؟ — دەپتۇ. قاغا:

— قېنى، قەدەملىرىنى قويسىلا، بىر گەپ بولار، — دەپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ. بوۋاي خەير دەپ شۇنداق قەدەم تاشلىغانىنى بىلىپتۇ، قالغىنىنى بىلمەپتۇ. كۆزلىرىگە ھەر خىل يورۇقلۇق كۆرۈنۈپ، قۇلاقلىرىغا خىلمۇخىل يېقىم-لىق ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ، ئالدىغا ئۇنچىلەر چېچىلىپ، قۇ-لۇپلار جاراڭلاپ، چوڭ ئىشىكلەر ئېچىلىپتۇ. قارىسا، بوۋاي بىر بوستانلىقتىكى سۇپىغا كېلىپ قاپتۇ. قاغا بوۋاينى سۇپىنىڭ ئۈستىگە تەكلىپ قىپتۇ. ئۆزى سۇپىنىڭ چېتى-دىكى پۈتلىرىغا رەڭمۇرەڭ گۈللەر يامىشىپ كەتكەن بىر كۇرسىنىڭ ئۈستىگە قونۇپ:

— مەن قاغىلارنىڭ خىزىرى، ئادىتىمىز شۇنداق ئى-كەن، سىلىگە يولۇقۇپ قالدىم... خەير، ۋەدىگە ۋاپا، قىرراق! — دەپتىكەن، سۇپىنىڭ ئالدىغا بىر قارا ئېشەك پەيدا بوپتۇ. قاغا:

— مانا بۇ ئېشەك سىلىگە ۋاپالىق سوۋغىسى. سىلى بۇ ئېشەككە شۇنداق مىنگەندە، ئۆزلىرىنى بىر يول ئۇس-

تىدە كۆرىدىلا. شۇ يول بىلەن مېڭىپ، كەچ قالسىلىمۇ ھېچكىمنىڭكىدە قونماي، ئۆيلىرىگە بارسىلا. ئەگەر دۇنيا لازىم بولسا، مۇشۇ ئېشەكنى بىر كۆرپىنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ: «ساڭقالڭ[1]، ئېشىكىم، ساڭقالڭ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ساڭقالڭ !» دېسىلە، سىلىگە ئالتۇن ـ كۈمۈش ساڭقاپ بېرىدۇ، لېكىن بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتمىسىلا، ــ دەپتۇ.

بوۋاي «خوپ» دەپ ئېشەككە شۇنداق مىنىشىگە، راست دېگەندەك ئۆزىنى يول ئۈستىدە كۆرۈپتۇ. ماڭا ـ ماڭا كەچ بوپتۇ. ئالدىغا بىر تۇگمەن ئۇچراپتۇ. تۇگمەنچى چىقىپ: «ۋاي قونۇپ كەتسىلە...» دەپ ئۆيىگە باشلاپتۇ. ئاخشىمى ياتاردا بوۋاي تۇگمەنچىگە:

ــ ئېشىكىمگە ئالتۇن ـ كۈمۈش ساڭقالڭ دېمەي، ئوبدان قاراپ قويسىلا، ــ دەپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

تۇگمەنچى كېچىدە ئاستا چىقىپ، ئېشەككە ھېلىقى گەپنى دەپتىكەن، بىرمۇنچە تەڭگە تېزەكلەپ بېرىپتۇ. تۇگمەنچى ئېشەكنى تېگىشىۋېلىپ، چاندۇرماي ئۆيىگە كىرىپ ئۇخلىۋاپتۇ. بوۋاي سەھەر تۇرۇپ، ئېشەكنىڭ ئالماشتۇرۇۋېلىنغانلىقىنى سەزمەي، مىنىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۆيىگە بېرىپ، بولغان ۋەقەنى مومىيىغا ۋە نەۋرىلىرىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. يىراق ـ يېقىندىكى تونۇش ـ بىلىشلىرىدىن زىلچا ـ گىلەم سوراپ كېلىپ، ئۆيىگە ساپتۇ ۋە پادىشاھنىمۇ بۇ كارامەتنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىپتۇ.

---

① ساڭقالڭ ــ تېزەكلەڭ.

ئېشەكنى كۆرپىگە چىقىرىپ، قاغا ئۆگىتىپ قويغان ھېلىقى سۆزلەرنى دەپتۇ. ئېشەك جىم تۇرۇپتۇ، ئىككىنچى قېتىم دەپتۇ، ئېشەك يەنە جىم تۇرۇپتۇ. ئۈچىنچى قېتىم يەنە دەپتۇ، ئېشەك يەنە جىم. ئاخىر كالتەك بىلەن راسا بىرنى ئۇرۇپ، ۋارقىراپ دەپتۇ، ئېشەك تاياققا چىدىماي بىر ئىنجىقلاپتىكەن، ئالتۇن - كۈمۈشكە تىكىلىپ ئولتۇرغان پادىشاھ تېزەك ئاستىدا قاپتۇ.

پادىشاھ غەزەپكە كېلىپ: «جاللات !» دەپ ۋارقىراپتۇ، بىراق ئەتراپىغا قارىسا جاللات يوق، «كىمىڭنى ئەخمەق قىلىسەن - ھە !» دەپ بوۋاينى تازا ئۇرۇپ يەرگە چاپلىۋېتىپ كېتىپتۇ.

بىچارە بوۋاي ئەتىسى كۆزىنى ئاچسا، موماي ھەم يىغلاپ، ھەم تاپا - تەنە قىلىپ بېشىدا ئولتۇرغۇدەك. بوۋاي چىشىنى چىشلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېشەككە مىنىپ جاڭگالغا قاراپ يول ئاپتۇ. قاغىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بولغان ئىشلارنى بايان قىپتۇ. قاغا بوۋاينىڭ گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلىغاندىن كېيىن «قىرراق» دەپتىكەن، دەررۇ بىر سۇپرا پەيدا بوپتۇ. قاغا:

— مانا بۇ سۇپرىنى ئېلىڭ. قاچانكى غىزا - تاماق لازىم بولسا: «ئېچىل، سۇپرام، ئېچىل ! » دېسىڭىز، دەررۇ ئېچىلىپ، ئۈستىدە خىلمۇخىل تائاملار ھازىر بولىدۇ. يولدا ھېچ يەردە قونماڭ، سۇپرىنىڭ سىرىنىمۇ ھېچكىمگە ئېيتماڭ، — دەپتۇ. بوۋاي خۇشال بولۇپ، سۇپرىنى ئېلىپ

يولغا راۋان بوپتۇ.

ماڭا ـ ماڭا كۈن كەچ بوپتۇ، يەنە ھېلىقى تۇگمەنچىد-
نىڭكىگە چۈشۈپتۇ. يېتىش ئالدىدا:

— ماۋۇ سۇپرىغا: «ئېچىل، سۇپرام، ئېچىل !» دې-
مەي، ئۇبدان قاراپ قويسىلا، — دەپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

تۈگمەنچى كېچىدە ئاستا قوپۇپ، خوتۇن ـ باللىرى
بىلەن گەپنى بىر قىلىپ: «ئېچىل، سۇپرام، ئېچىل !» دې-
گەنىكەن، سۇپىرىدىن خىلمۇخىل غىزالار چىقىپتۇ. تۈگ-
مەنچى باي ئۇ غىزالارنى باللىرى بىلەن ھاپىلا ـ شاپىلا
يېيىشىپ، قالغىنىنى جىمىقتۇرۇپ، سۇپرىنىمۇ تېگىد-
شىۋاپتۇ. بوۋاي ئەتىگىنى سۇپرىغا زەن قويمايلا، قولتۇقد-
غا قىسىپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئۆيىگە كىرە ـ كىرمەيلا مو-
مايغا سۇپرىنىڭ سىرىنى سۆزلەپ، مومايىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا
قارىماي ئۆي راسلىتىپ، پادىشاھقا خەۋەر بېرىپتۇ. پادىشاھ
بۇ قېتىم ئۆزى كەلمەي ۋەزىرلىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىرلەر
سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. نەچچە كۈندىن بېرى ئاچ
قالغان نۆكەرلەرمۇ قوللىرىنى يۇيۇشۇپ، ئىشىكتە تەلمۈ-
رۈشۈپ تۇرۇپتۇ. ھەممە تەييار بولغاندىن كېيىن، بوۋاي:
«ئېچىل، سۇپرام، ئېچىل ! » دەپتۇ. ئىككى قېتىم دەپتۇ،
ئۈچ قېتىم دەپتۇ، سۇپىرىدىن ھېچ سادا چىقماپتۇ. ۋەزىر-
لەر كايىپ، بوۋاينى ئۇرۇپ دومىلىتىۋېتىپ، ئوردىغا قايد-
تىپتۇ.

موماي يىغلاپ تۇرۇپ بوۋايغا يەنە تاپا ـ تەنە قىپتۇ.

بوۋاي قانداق قىلىشىنى بىلمەي، «مەرتەم ـ مەرتەم، ئۈچ مەرتەم» دەپ يەنە جاڭگالغا يول ساپتۇ، بىرىپ قاغىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ، ۋەقەنى يەنە بايان ئەيلەپتۇ. قاغا:

— خەير، بۇ ئاخىرقىسى بولغاي، قىرراق !... — دەپتۇ. بوۋاينىڭ ئالدىغا بىر تۇلۇم پەيدا بوپتۇ. قاغا:

— مانا بۇ تۇلۇم ئىچىدە بىر توقماق بار. قاچانىكى بېشىڭىزغا كۈن چۈشىدىكەن، «ئۇر، توقمىقىم، ئۇر !» دېسىڭىز، ھەرقانداق مۈشكۈل ئىشىڭىز ئاسان بولىدۇ، — دەپ يەنە باشتا ئېيتقان گەپلەرني جېكىپ، بوۋاينى يولغا ساپتۇ. بوۋاي يەنە ھېلىقى تۆگمەن ئالدىغا كېلىشىگە، تۆگمەنچى چىقىپ:

— ۋاي ئاكا، قونۇپ كەتسىلە ... — دەپ توسۇپتۇ. بوۋاي «خەير» دەپ ئېشەكتىن چۈشۈپتۇ، يېتىش ئالدىدا:

— ماۋۇ تۇلۇمنىڭ ئىچىدە بىر توقماق بار، «ئۇر، توقمىقىم، ئۇر ! » دېمەي، ئۇبدان قاراپ قويسىلا، — دەپ ئۇخلاپ قاپتۇ. تۆگمەنچى خوتۇنى بىلەن تۇلۇمنى ئاستا باشقا ئۆيگە ئوغرىلاپ ئاچىقىپ، ئوتتۇرىغا قويۇپ: «ئۇر، توقمىقىم، ئۇر !» دېگەنىكەن، تۇلۇمدىن توقماق چاچراپ چىقىپ، تۆگمەنچى ۋە ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى شۇنداق ئۇرغىلى تۇرۇپتۇكى، ئاللا ـ توۋنىڭ دەستىدىن جاھاندا تۇرۇپ بولغىلى بولماپتۇ. بوۋاي يۈگۈرۈپ چىقسا، ئىش باشقىچە... بوۋاي توقماققا تېخىمۇ چىڭراق بۇيرۇق بېرىپتۇ. تۆگمەنچى: «ۋاي، ئېشەكلىرىنى قايتۇرۇپ بېرەي» دەپ

ئېشەكنى تېپىپ كەپتۇ. توقماق توختىماي خوتۇننى سې-
لىۋېرىپتۇ. تۇگمەنچىنىڭ خوتۇنى مىڭ بىر تـوۋا ئـوقـۇپ،
سۈپرىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. توقماق يەنە توختىماپتۇ.
ئۇلار: «بالىمىزدىن بالىمىزغا پەندىيات، يۈز مىڭ توۋا،
توقماقنى توختىتىڭ، بوۋا» دەپ نالە قىپتۇ. بوۋاي:
— تۇر، توقمىقىم، تۇر ! — دەپتۇ. توقماق توختاپ-
تۇ. بوۋاي ھەممە نەرسىلىرنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ
ئاۋۋالقى ئېشىكىگە مىنىپ، ناخشىسىنى دۈڭ ئېيتىپ يول-
غا راۋان بوپتۇ:

تەلەي كەلسە بېشىمغا،
يارىم كېلەر قېشىمغا.
توقماق يەيدۇ ئالدامچى،
توپا سالسا ئېشىمغا...

بوۋاي ئۆيگە كېلىپ مومايىنى قايىل قىلىپ، تونۇش -
بىلىشلەرنى قىچقارتىپ يەنە پادىشاھقا يۈگۈرۈپتۇ. پادىشاھ،
نېمە بالاغا قالدىم، بۇ ئەخمەق گاداي بىلەن دەپ، قوغلاپ
چىقىرىپتۇ. ئارقىدىن پادىشاھنىڭ تەمەگە ئۆگىنىپ قالغان
كۆڭلى بېسىلماي، يەنە: «بېرىپ بېقىڭلار !» دەپ بىرنەچچە
ياساۋۇللىرىنى ئەۋەتىپتۇ.
بوۋاي غىزادىن كېيىن ئېشەكنىڭ كاراماتىنى
كۆرسىتىپ، ياساۋۇللاردىن پادىشاھقا نۇرغۇن ئالتۇن -

كۆمۈشلەرنى سوۋغات قىپتۇ.

پادىشاھ سوۋغاتلارغا قانائەت قىلماي، نىيىتىنى بۇزۇپتۇ، بوۋاينىڭ ئۆيىنى قۇشقاچنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزغاندەك بۇزدۇرۇپ، ھەممە نەرسىنى خەزىنىگە ئالماق بوپتۇ. بۇنى ئوردىدىكى باغۋەن قېرى ئاڭلاپ قېلىپ، بوۋايغا خەۋەر قىپتۇ. بوۋاي ئۆگزىگە چىقىپ تەييارلىنىپ تۇرۇپتۇ. قارىسا، راست دېگەندەك بىرمۇنچە لەشكەرلەر كېلىۋاتقۇدەك. لەشكەرلەر يېقىنراق كەلگەندە، بوۋاي توۋلاپتۇ:

— ھەي لەشكەرلەر، ئارقاڭلارغا قايتىڭلار. ئالتۇن كېرەك بولسا ئەۋەتىپ تۇراي، بىزنى ئارامخۇدا كۈن كۆرگىلى قويۇڭلار، — دەپتۇ. لەشكەرلەر ئۇنىماي باستۇرۇپ كەپتۇ. بوۋاي «خەير» دەپ توقماقتا ئەمر بېرىپتۇ: «ئۇر، توقمىقىم، ئۇر !»

توقماق لەشكەرلەرنى شۇنداق سالغىلى تۇرۇپتۇكى، جاھان توپا ـ چاڭغا ئايلىنىپ، ئاران ئۈچ كىشى قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. پادىشاھ غەزەپكە كېلىپ، ھەممە لەشكەرلىرىنى چىقىرىپتۇ. توقماقمۇ ھەممە كۈچىنى چىقىرىپ ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ. خەلق توقماقنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپتۇ. لەشكەرلەر سايىنىڭ تېشىدەك قىرىلىپتۇ. ئوردا ئېلىنىپ، جەڭ تامام بوپتۇ، ئەل ئامان قاپتۇ.

خەلق ئۆز ئىچىدىن ئادىل بىر كىشىنى تېپىپ، پادىشاھ سايلاپتۇ. بوۋاي بىلەن موماينىڭ مۇرادىغا يېتىپ، ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

# سېخىي بىلەن بېخىل

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ھەركىمنىڭ ئىشكى ھويلىسىدا، لەڭمىنى چويلىسىدا، ئۆگزىسى تورۇستا، ئوچىقى مورىسىدا، ئىگىز ئېرىقنىڭ ئېنىچە، چوڭقۇر ئېرىقنىڭ يېنىچە، ئىشەكلىرىنى ھاڭگىلىتىپ، پۈتلىرىنى ساڭگىلىتىپ يول ماڭىدىغان زامانلارنىڭ بىرىدە، بۇ شەھەردە ئەمەس بۆلەك شەھەردە ئىككى ئاغىنە بولغانىكەن. ئۇلار بىر - بىرىنى بىر كۈن كۆرمىسە تۇرالمايدىغان، بىر نان تاپسا پۇچۇقتىن بىللە يەيدىغان، ھېچقانداق ئىشتا سېنىڭ - مېنىڭ دېيىشمەيدىغان قىيامەتلىك جان دوست - ئاغىنىلەردىن ئىكەن. كىشىلەر بولسا، ئۇلارنىڭ بىرىنى بېخىل، بىرىنى سېخىي دەپ ئاتىشىدىكەن.

ئايلاردىن ئاي ئۆتۈپ، يىللاردىن يىل ئۆتۈپ، ئۇلار بىر كۈنى باشقا بىر شەھەرگە بېرىپ كېلىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ ۋە يولدا يېيىش ئۈچۈن ھەر ئىككىسى بىر خۇرجۇندىن سەپەر توقچى ۋە بىر قاپاقتىن سۇ ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار يولغا چىقىپ بىرىنچى كۈنىلا بېخىل

سېخىيغا:

— بۇ يەردىن بىز بارىدىغان شەھەرنىڭ ئارىلىقى بىر ئايلىق چۆل. ھەر ئىككىمىز خۇرجۇن، قاپاقنى كۆتۈرۈپ ئاۋارە بولمايلى، ئاۋۋال سېنىڭ خۇرجۇن، قاپىقىڭنى بىد-كارلايلى، ئۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭكىنى يەپ - ئىچەيلى، — دەپتۇ. سېخىي بولسا دوستىنىڭ گېپىگە:

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بېخىل سېخىينىڭ نېنىنى يەپ، سۈيىنى ئىچىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ چۆل يېرىم بولغاندا، سېخىينىڭ نان، سۈيى تۈگەپ، بېخىلنىڭكىنى يېيىشكە نۆۋەت كەپتۇ، ئەمما بېخىل دوستىنى بىر قېتىممۇ نان يەيلى دېمەپتۇ. سېخىي بولسا، دوستىدىن بۈگۈن نان يەيلى دېمىسە، ئەتە دەر، دەپ تەمە قىلىپ، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، ئىسسىق ئازابىنى تارتىپ ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. بېخىل-



نىڭ ئۆزىمۇ دوستى بار يەردە ئاغزىغا بىر چىشلەم نان سالماپتۇ، بىر يۇتۇم سۇ ئىچمەپتۇ. تەرەت سۇندۇرۇشنى باھانە قىلىپ چۆلدىكى يۇلغۇن، توغراق ۋە قۇم دۆۋىلىرى-نىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ، ئاچلىق-تىن ماغدۇرىدىن كەتكەن دوستىنى ئىتتىك مېڭىشقا ئال-دىرىتىپ، يېتىشەلمىسە، ئارقىسىدا تاشلاپ قويۇپ بىر-ئىككى ئۇن يېتىم ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، دوستى يېتىپ كې-لىپ بولغۇچە ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇۋالىدىكەن، دوستى يې-تىپ كەلگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ماڭىدىكەن. شۇنداق قىلىپ تۆتىنچى كۈنى بولغاندا سېخىينىڭ قورسىقى ئې-چىپ، كۆزلىرى تارتىشىپ، جېنى بىر تومۇردا قاپتۇ. ئۇ دوستىغا قاراپ:

— دوستۇم، ياراتقان خۇدانىڭ ھەققىدە بىر نان بەر-سەڭ، — دەپتۇ. بېخىل:

— دوستلۇقىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر نان بەرسەم بېرەي، بىر نان بەرسەم، سەن ماڭا نېمە بېرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. سېخىي:

— نېمە لازىم بولسا، شۇنى بېرەي، — دەپتۇ. بېخىل:

— ئوڭ كۆزۈڭنى ئويۇپ بەر، ئاۋۋال كۆزۈڭنى بەر-گەندىن كېيىن ئاندىن ناننى بېرىمەن، — دەپتۇ. سېخىي بولسا:

— قېنى ئويۇۋال، — دەپتۇ. بېخىل دوستىنىڭ ئوڭ

كۆزىنى ئويۇۋالغاندىن كېيىن بىر نان، بىر يۇتۇم سۇ بې-رىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بېخىل دوس-تىنىڭ سول كۆزىنى ئويۇۋېلىپ يەنە بىر نان، بىر يۇتۇم سۇ بېرىپتۇ ۋە ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ يول يۇرۇشتىن مەھرۇم بولغان دوستىنى چۆلدە تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.

ئىككى كۆزىدىن ئايرىلغان سېخىي سىلاشتۇرۇپ - مۇدۇرۇپ يۇرۇپ بولسىمۇ يول يۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. كەچ كىرگەندە چۆلدىكى بىر تۈپ چوڭ توغراقنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قاپتۇ ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن توغراققا چىقىپ، ئۇنىڭ ئاچىمىقىدا تۈنىمەكچى بوپتۇ. ئۇ توغراققا چىقىپ ئاچىمىقىغا جايلىشىۋېلىپ ئارام ئالاي دەپ تۇرغاندا، چۆلدىكى يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن شىر، يولۋاس، ئېيىق، بۆرە، تۈلكە قاتارلىقلارنىڭ ۋارقىرىشىپ نەرە تار-تىپ توغراق تۈۋىگە كېلىشىۋاتقانلىق شەپىسىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. بۇ يوغان توغراقنىڭ تۈۋى نەچچە يىللاردىن بۇيان مۇشۇ ھايۋانلارنىڭ بىر يىلدا بىر قېتىم جەم بولۇپ، كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى دېيىشىدىغان يىغى-لىش ئورنى ئىكەن. ھايۋانلار يىغىلىپ بولغاندا، يولۋاس:

— قېنى، بىر يىلدىن بۇيانقى كۆرگەن - ئاڭلىغانلى-رىمىزنى دېيىشىپ باقايلى، — دەپ سۆزىنى باشلاپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ، — گەپنى ئاۋۋال مەن باشلاي. مۇشۇ توغراقتا بىر خىسلەت بار، ئەگەر كىمكى مۇشۇ توغراقنىڭ

غازىڭىدىن بىر سىقىمنى بىلىگە تۇگۈۋالسا، بىر يىلغا
قالماي بىر يۇرتقا پادىشاھ بولىدۇ.
يولۋاسنىڭ گېپى تۈگىگەندىن كېيىن، شىر:
— مۇشۇ توغراقتىن كۆنچىقىش تەرەپكە قاراپ يىد-
گىرمە قەدەم ماڭغاندا بىر بۇلاق ئۇچرايدۇ، ئەگەر كىمكى
شۇ بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئىچسە ياكى ئۇنىڭغا چۆمۈلسە،
ھەرقانچە ساقايمىغان پالەچ ـ لەقۋا، ئاقساق ـ چولاق،
تۆكۈر ـ مايماق، تاز ـ قوماق، پېسە ـ ئاۋلاق، قارىغۇ ـ
جىرتاق، توكۇر ـ قىچىشقاق، جۇزام ـ سىزلام قاتارلىق
كېسەللەرنىڭ ھەممىسىدىن سەللىمازا ساقىيىدۇ، — دەپ-
تۇ. ئېيىقا

نۆۋەت كەلگەند-
دە، ئۇ:
— كۈنچى-
قىش تەرەپتىكى
تاغدىن ئۆتۈپ
بىر ھەپتە
ماڭسا، بىر
كاتتا شەھەرگە
يېتىپ بارغىلى
بولىدۇ. بۇ
شەھەرنىڭ پا-
دىشاھىنىڭ كۆن

دىسە كۆزى بار، ئاي دىسە يۈزى بار بىر قىزى بار، ئەمما بۇ قىز تۇغما پالەچ ھەم ئەما. پادىشاھ كېچە ـ كۈندۈز مۇشۇ قىزنىڭ دەرد ـ پىراقىدا بولۇپ، كىمكى داۋالاپ ساقايتالىسا پادىشاھلىقىمنى بېرىمەن دېگەن بولسىمۇ، نۇرغۇن ھەكىملەر قىزنىڭ كېسىلىگە ئىلاج قىلالمىدى. ئەگەر شىرنىڭ گېپى بويىچە بىرەر ئادەمزات خىسلەتلىك بۇلاقنى تېپىپ، سۈيىنى شۇ قىزغا ئىچۈرسە قىزنىڭ كېسىلىنى ساقايتالايدۇ، — دەپتۇ. باياتىن بېرى باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرغان بۆرە:

— كۈنچىقىشتىكى تاغدىن ئۆتۈپ ئۈچ كۈن ماڭغاندىن كېيىن ئوت، سۈيى مول بىر يايلاق ئۇچرايدۇ. بۇ يايلاقتا بىر باي ھەر يىلى مىڭدىن ئارتۇق قوي باقىدۇ. مەن باينىڭ يۈزدىن ئارتۇق قويىنى يەپ كېتىمەن، باي مېنى يارام ئارغىماقلار بىلەن قوغلاپمۇ تۇتالمايدۇ. باينىڭ ئېغىلىدا بىر كۆرۈمسىز، كالتە قۇيرۇق ئات بار، ئەگەر مېنى ئاشۇ ئاتقا مىنىپ قوغلىسا چوقۇم تۇتۇۋالالايدۇ. بۇ سىرنى بىرەر ئادەمزات ئاڭلاپ قېلىپ بايغا مېنى تۇتۇپ بېرىدىغان بولسا، بايدىن نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىنئام ئالىدۇ، — دەپتۇ. ئاڭغىچە تاڭ ئېتىشقا ئاز قاپتۇ. مەن گېپىمنى دەۋالاي دەپ، گېپىنى باشلاپتۇ تۈلكە:

— مۇشۇ توغراقنى ئۇدۇللاپ كۈنپېتىش تەرەپكە ئۇن يېتىم ماڭغاندا، بىر قۇم دۆۋىسى ئۇچرايدۇ، شۇ يەردە ئاغمىخانلارنىڭ ئۇۋىسى بار. ئاغمىخانلار ھەر كۈنى چۈشتە

ئۆز ئۇۋىلىرىدىن تەڭگە ـ تىللالىرىنى ئاچقىپ ئاپتاپقا سېلىپ، ئاسمانغا ئېتىپ ئوينىشىدۇ. ئەگەر بىرەر ئادەمزات دەل چۈش ۋاقتىدا شۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ، مۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئاغىمخانلار تىللالىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ ئوي- ناشقىلى تۇرغاندا: «هويت !» دەپ تەلپىكىنى ئاسمانغا بىر ئاتىدىغان بولسا، ئاغىمخانلار قورقۇنچىدا ئۇۋىسىغا قېچىپ كىرىپ كېتىدۇ، ئۇ ئادەم نۇرغۇن ئالتۇن ـ تىللاغا ئېرى- شىپ باي بولۇپ كېتىدۇ، ــ دەپتۇ. تۈلكىنىڭ گېپى تۈ- گىگەندىن كېيىن يولۋاس يۇقىرىقى مەخپىيەتلىكلەرنى چىڭ ساقلاشنى، بىرەر ئىنسان بالىسىغا بىلدۈرۈپ قوي- ماسلىقنى قاتتىق تاپىلاپتۇ. يىرتقۇچ هايۋانلار كېلەر يىلى دەل مۇشۇنداق پەيتتە يەنە مۇشۇ توغراق تۈۋىگە يىغىلىش ھەققىدە ۋەدە بېرىپ تارقىلىشىپتۇ.

سېخىي يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ تارقىلىپ كەتكەن شە- پىسىنى ئاڭلاپ توغراق ئۈستىدىن ئاستا چۈشۈپ، يولۋاس- تىن ئاڭلىۋالغان گەپ بويىچە توغراقنىڭ پەسكە ساڭگىلى- غان شاخلىرىدىن بىر سىقىم غازاڭ سىيرىپ بەلۋېغىغا تۈگۈۋاپتۇ ۋە بىر تال شاخنى سۇندۇرۇپ بىر هاسا يا- سىۋاپتۇ. ئاندىن كېيىن هاسىنى توكۇلدىتىپ، شىرنىڭ دېگىنى بويىچە خاسىيەتلىك بۇلاقنى ئىزدەپ كۈنچىقىش تەرەپكە ساناپ يىگىرمە قەدەم ماڭغانىكەن، تۇيۇقسىز شالاق ـ شۇلۇق قىلىپ مۇزدەك سوغۇق سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ئەن- دىكىپ ئىترەپ كېتىپتۇ ۋە باش ـ كۆزىنى شۇنداق بىر

سىلىغانىكەن، خۇددى كۈن چىققاندەك پارقىراپ كۆزى ئې-
چىلىپ كېتىپتۇ. خۇشلۇقتا بۇلاقنىڭ كۆزىدە تۇرۇپ قاد-
غۇچە سۇ ئىچىپ، بەدەنلىرىنى يۇيۇپ، سۇدىن چىقىپ قو-
لىغا ھاسىنى ئېلىپ، كۈنپېتىشقا قاراپ مېڭىپ ئاغمى-
خانلارنىڭ ئۇۋىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارنىڭ تاماشاسىنى
بىردەم كۆرۈپتۇ ۋە تەلپىكىنى ئېتىپ ئۇلارنى ئۈركۈتۈپ،
ئالتۇن، تىللالارنى قوينىغا ساپتۇ. ئاندىن كەينىگە يېنىپ
كۈنچىقىشتىكى تاغدىن ئۆتۈپ، مىڭ قويى بار باينىڭ ياي-
لىقىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە كالتە قۇيرۇق ئاتقا مىنىپ بۆرىنى
تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، بايدىن نۇرغۇن پۇل ئىنئام ئاپتۇ. سې-
خىي داۋاملىق كۈنچىقىشقا قاراپ يول يۈرۈپتۇ، يول يۈر-
سىمۇ مول يۈرۈپتۇ. بىر ھەپتە بولدى دېگەندە كاتتا بىر
شەھەرى ئەزىمگە يېتىپ كېلىپ بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. ئۇ
بۇ سارايدا يېتىپ - قوپۇپ بىرقانچە كۈن دەم ئېلىپ،
شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ كۆڭۈل - قارنىنى ئېچىپ-
تۇ. بىر كۈنى ئېيىق دەپ بەرگەن پادىشاھنىڭ ھېلىقى
كېسەل قىزى ئېسىگە كەپتۇ ۋە سارايۋەنگە:

— مەن ئەسلىي ئۇستا تېۋىپ ئىدىم، بۇ شەھەرگە بۇ
ۋاقىتچە باشقا تېۋىپلار داۋالاپ ساقايتالمىغان كونا كېسەل-
لەرنى داۋالاپ ساقايتقىلى كەلدىم. ئەتىدىن باشلاپ
داۋالاناقچى بولغانلار مېنىڭ قېشىمغا كەلسۇن، — دەپتۇ.
سارايۋەن ئۇنىڭ بۇ گېپىنى شەھەرنىڭ ھەممە كوچىلىرىغا
كىرىپ - چىقىپ، ھەممە ئادەمگە ئاڭلىتىپتۇ. كۈنلەردىن

بىر كۈنى بۇ خەۋەر پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. قىزىم ئەمدى ساقايمايدۇ دەپ، ئۈمىد ئۈزگەن پادىشاھ خۇشاللىقىدا خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەرگە سۆيۈنچە بېرىپتۇ. پادىشاھ سالايى - سۆپەت، كىبىر - تەكەببۇرلۇقلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ۋەزىر - ئەمىرلىرىنى كەينىگە سېلىپ ئۇنىڭ قېشىغا سالامغا بارماقچى بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىرلەر:


— سەلتەنەتلىك شاھىم، سىلى بىر دۆلەتنىڭ قاياشى، قاراپ تۇرۇپ بىر كەمبەغەل تېۋىپنىڭ ئالدىغا ئوردا ئەھلىنى ئەگەشتۈرۈپ سالامغا بارسىلا ئۆزلىرىنىڭ ئابرۇيلىرى تۆكۈلمەمدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇنى بۇيرۇق بىلەن ئوردىغا چاقىرتايلى، — دېيىشىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

— كىمنىڭ كىمگە ھاجىتى چۈشسە، ھاجەتمەن چوقۇم ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشى كېرەك. بۇنىڭدا شاھ، گاداي دەپ ئايرىلمايدۇ. ھازىر مېنىڭ شۇ كىشىگە ھاجىتىم چۈشتى، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارىمەن، — دەپتۇ - دە، ۋەزىرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ سارايغا يېتىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۆز قىزىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، ئەگەر داۋالاپ ساقايتالىسا قىزىنى نىكاھلاپ بېرىدىغانلىقىنى ھەم دۆلەتنىڭ پادىشاھلىقىنى بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ بىر نامە يېزىپ، ئالتۇن مۆھرىنى بېسىپ بېرىپتۇ. سىخىي پادىشاھنىڭ قىزىنى سارايغا ئەكەلدۈرۈپ، ئايرىم بىر ئېغىز ئۆينى جابدۇپ داۋالاشقا تۇتۇش قىپتۇ. ئۇ دەردكە داۋا،

رەنجىگە شىپا بولىدىغان خاسىيەتلىك بۇلاقتىن سۇ تـوشـ ـقۇزۇپ ئېلىۋالغانىكەن، قىزغا بۇ سۇنى ئىچۈرۈپتۇ ۋە بەـ دەنلىرىنى يۇيۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي كۆزى كۆرمەس، قولى تۇتماس، پۇتى باسماس، تىلى سۆزلىمەس، تېرىسى سەزمەس بۇ قىز ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك پارقىراپ، بارلىق كېسەللىرىدىن سەللىمازا ساقىيىپ، دادىسى بىلەن يۈز كۆرۈشكىلى ئوردىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. قىزىنى كۆرۈپ خۇشلۇقتىن پادىشاھنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكىلى تاس قاپتۇ. پۈتۈن شەھەر خەلقىنى يىغىپ، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز كاتتا توي ـ مەرىكە قىلىپ، قىزنى سېخىيغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ ۋە پادىشاھلىقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

ئەمدى بىر كەلىمە گەپنى بېخىلدىن ئاڭلايلى:

كۈنلەردىن بىر كۈنى بېخىل سېخىينىڭ بىر شەھەرـ گە پادىشاھ بولۇپ يۇرت سوراپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەيرانۇھەس قېلىپ، ئۆز قۇلىقىغا ئىشىنەلمەستىن شۇ شەھەرگە بېرىپ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپتۇ. بىرقانچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن سېخىينىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە بىر سارايغا چۈشۈپ، شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ سېخىينىڭ ئەھۋالىنى تىڭتىڭلاشقا باشلاپتۇ، كۆپ سۈرۈشتۈرۈش ئارـ قىلىق بېخىل بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى دەل ئۆزى ئىككى نان ئۈچۈن ئىككى كۆزىنى ئويۇۋېلىپ چۆلدە تاشلاپ قويۇپ كەتكەن دوستى سېخىي ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە قانداق





قىلىپ پادىشاھ بولغانلىقى، كۆزىنىڭ قانداق ئەسلىگە كەل-گەنلىكىنى تېخىمۇ بىلگۈسى كەپتۇ. مۇشۇ مەقسەت بىلەن ئۇ بىر كۈنى ھەشەمەتلىك شاھ ئوردىسىغا قاراپ يول ئاپ-تۇ. قىرىق دەرۋازىغا قويۇلغان جېسەكچىلەرنىڭ قاتمۇقات تەكشۈرۈشلىرىدىن مىڭ تەستە ئۆتۈپ، ئاران دېگەندە پادى-شاھ سارىيىغا يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، دوستى سېخىي بېشىغا شاھلىق ئالتۇن تاجنى كىيىپ، سەلتەنەت-لىك ئالتۇن كۇرسىدا ھەشەمەت بىلەن ھەر خىل چىگىش ئىشلارغا ئەمرىمەرۇپ قىلىپ ئولتۇرغۇدەك، تەخت ئاستىدا بىرقانچە يۈزلىگەن ۋەزىر - ئەمىرلەر، ئوردا ئەركانلىرى قول باغلاپ: «خوش - خوش، شۇنداق قىلىلى» دېيىشىپ، پادىشاھنىڭ ئەمرىگە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ تۇرغۇدەك.

بۇلارنى كۆرۈپ بېخىلنىڭ پۈت ـ قولىغا تىترەك ئولىد.
شىپ، يۈرىكى سېلىشقا باشلاپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە
كېلىپ قالغانلىقىغا مىڭ پۇشايمانلارنى قىپتۇ. بېخىل ئۇ.
يان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر سېخىينىڭ مەرد، تۈز،
ئاق كۆڭۈللۈكىنى ئېسىگە ئېلىپ، پادىشاھ مەندىن ئۆچىنى
ئېلىپ كاللامنى ئالارمۇ ياكى ئۆمۈرلۈك زىندانغا سېلىۋې.
تەرمۇ، دېگەن غەم ـ قورقۇنچلاردىن خالاس بوپتۇ. دەرد
ئېيتىش نۆۋىتى دادخاھلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ تۇرغان
بېخىلغا كەلگەندە، ئۇ سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان
يىپەك گىلەم ئۈستىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ پادىشاھنىڭ ئايىد.
غىغا باش قويۇپ:
— داد، پادىشاھىئالەم، خام سۈت ئىچىپ چوڭ بولغان
ئىنسان شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن نى ئەسكى كويلاردا
بولۇپ گۇناھ، سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمايدىكەنمىز. ئا.
دەم كىچىكىدە تۈز كۆڭۈل ـ ئاق نىيەت بولىدىكەن، چوڭ
بولغانسېرى نىيىتى بۇزۇلۇشقا باشلايدىكەن. ئىككىمىز
كىچىكىمىزدە قىيامەتلىك جان دوستلاردىن ئىدۇق، لېكىن
بىر قېتىملىق سەپەر ئۈستىدە نەپسىمنىڭ كەينىگە كىرىپ
ئۆزلىرىگە، دوستلۇقىمىزغا خىيانەت قىلىپ، ئۆزلىرىنى
ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار قىلىپ، ئىنسان قېلىپىدىن
چىقتىم. بۇگۈن ئالدىلىرىدا تۇرۇپتىمەن، مېنىڭ ئەسكى.
لىكىم ئۈچۈن مېنى مىڭ قېتىم جادۇ بىلەن توغراپ قاق.
تەك ـ قولاقتەك قىلىۋەتسىلىمۇ ئۇۋال بولمايدۇ، — دەپ

ئۇن سېلىپ ھۆر - ھۆر يىغلاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ پۈتۈن ئوردا ئەھلى ھەيران قېلىشىپتۇ. دوستىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى تۇتۇپ كېتىپ، پۈتۈن ئوردا ئەھلىنى ئارام ئېلىشقا قويۇپ بېرىپ، شاھلىق تەختىدىن چۈشۈپ دوستى بېخىلنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئالىي مېھمانخانىسىغا باشلاپ، تۈرلۈك - تۈمەن نازۇنېمەت، مېۋە - چېۋىلەر بىلەن ئوبدان مېھمان قىپتۇ ۋە بىرقانچە كۈن ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ، ياخشى سەرپاي، پۇل - پۇچەك ھەدىيە قىپتۇ.

بىر كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، پادىشاھ:

— دۇنيادا ئازمايدىغان ئىنسان يوق، بىر قېتىم يامان ئىش قىلىپ قايتا سادىر قىلمىسا، ئۇنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ، ھەممىدىن نىيەت ئەلادۇر. ماڭا قىلغان بارلىق يامانلىقلىرىڭنى كەچۈردۇم، دوستلۇقىمىز بۇرۇنقىدەك داۋاملاشسۇن، — دەپ ئۆزىنىڭ سېخىي، مەرد، ئاق كۆڭۈللۈكىنى يەنە بىر مەرتە نامايان قىپتۇ ۋە دوستى بېخىل كۆزىنى ئويۇۋالغاندىن كېيىن قانداق قىلىپ قېرى توغراق تۈۋىگە كېلىپ قالغانلىقىنى، توغراقنىڭ ئاچىمىقىدا تۇرۇپ ھايۋانلارنىڭ گېپىنى قانداق ئاڭلىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى، ئاشۇ ھايۋانلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىپ، ئاخىر ئۆزىنىڭ بەخت خەزىنىسىگە ئېرىشىپ پادىشاھ بولغانلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر -

بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاۋېتىپ بېخىلنىڭ سېخىيغا بولغان ھەسەتخورلۇقى مىڭ گەز ئۆرلەپ، قورسى- قىغا جىن كىرىپ، ئىككى دوست بىللە سەپەرگە چىققان ھېلىقى يولدا ئۆزى يالغۇز يەنە بىر قېتىم مېڭىپ ھېلىقى توغراقنى تېپىپ، ھايۋانلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مۇشۇ شە- ھەرگە كېلىپ دوستى سېخىينى پادىشاھلىقتىن ئۆرۈۋېتىپ ئۇنى زىندانغا سېلىپ، ئۆزى ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بو- لۇش، چىرايلىق مەلىكىنىمۇ تارتىۋېلىش يامان نىيىتىنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. پادىشاھنىڭ سەرگۈزەشتى تۈگەش بىلەن بېخىلنىڭ كەتكۈسى كېلىپ تۇرالماي، كېتىشكە ئىجازەت سوراپتۇ. پادىشاھ:

— دوستۇم، يۇرتقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن نېمە ئىش قىلماقچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. بېخىل:

— مەنمۇ چۆلدىكى توغراقنى تېپىپ، شىر، يولۋاسلارنىڭ مەخپىيەتلىرىنى ئاڭلىۋېلىپ ئۆزلىرى ماڭغان يولدا ماڭماقچىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— دوستۇم، مەن ساڭا ئۆمرۈڭ بويى ئىشلىتىپ بولالمىغۇدەك ئالتۇن - كۈمۈش بېرەي، خالىساڭ يېنىمدا ئۇلۇغ قول ۋەزىر بولۇپ قال، لېكىن بۇ يولغا ماڭما، چۈن- كى ئۇ ھايۋانلار ناھايىتى سەزگۈر. ئۇلار مەخپىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالسا، ئۇ يەرگە يې- قىنلاشقان ئىنساننى تىرىك قويمايدۇ، — دەپتۇ. لېكىن، بېخىلنىڭ كۆڭلىدىكى يامان نىيىتى ئۇنى تىنچ قويماپتۇ،

ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۇ نىيەتتىن يانالماپتۇ. دوستى سىر-خىينىڭ نەسىھەتىنى بولسا، مەندىن قىزغىنىۋاتىدۇ دەپ چۈشىنىپ، ئۆز گىپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. دوستىغا نەسىھەت كار قىلمىغانلىقىنى كۆرگەن پادىشاھ ئۇنىڭغا بىر دانە يارام ئارغىماق، ئاش - ئوزۇقلارنى بېرىپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

بېخىل بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، چۆل ئوتتۇرىسىدى-كى توغراقنىڭ قارىسىنى كۆرۈپتۇ. خۇشاللىقىدا ئارغىماق-تىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئاتنى كەلگەن يېرىگە كەت دەپ، كېلىشتۈرۈپ قامچا بىلەن سۆڭگىچىگە بىرنى ئۇرۇپ ھەي-دىۋېتىپ، ئۆزى بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ تۈۋىگە كېلىپ يېتىپ كۈننىڭ پاتراق كەچ بولۇشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپتۇ. كەچ كىرىپ كۆز باغلانغاندا، يۇلغۇن تۈۋىدىن سەكرەپ چىقىپ ئۇدۇل توغراقا قاراپ قويۇندەك يۈگۈرۈپتۇ ۋە توغراققا چىقىپ ئۇنىڭ ئاچىمىقىغا جايلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن يولۋاس، شىر، ئېيىق، تۈلكىلەر تەرەپ - تەرەپتىن نەرە تارتىپ - ھۆركىرىشىپ يېتىپ كېلىشكە باشلاپتۇ. ئادىتى بويىچە يولۋاس ئاۋۋال گەپ باشلاپ:

— بۇ يىل بىزدىن ئامەت قاچقان بىر يىل بولدى. توغراقنىڭ خاسىيىتىنى بىركىم بىلىۋالغان ئوخشايدۇ، غازاڭلىرىنى سىيرىۋاپتۇ، شاخلىرىنى سۇندۇرۇپتۇ، — دەپتۇ. شىر:

— بۇلاقتا بىركىم يۇيۇنۇپ، بۇلاقنىڭ كۆزىگە توپا

تىقمۇۋېتىپتۇ، سۈيمۇ بۇلتۇرقىدىن ئاز قاپتۇ، — دەپتۇ. ئېيىق:

— بۇ يىل بىزنىڭ ئىشلىرىمىز قاملاشمىدى. ئۆتكەن يىلى مەن سىلەرگە سۆزلەپ بەرگەن كۈنچىقىش تەرەپتىكى پادىشاھنىڭ لەقۋا قىزى ساقىيىپتۇ، ياقا يۇرتتىن كەلگەن بىر ئادەم پادىشاھنىڭ قىزىنى ئاپتۇ ۋە پادىشاھ بوپتۇ. بۈگۈنكى سورۇنىمىزغا بۆرە كەلمەپتۇ، بۇنىڭدا بىر سەۋەب بار. بۆرىنىڭ بۇلتۇر قىلغان گېپى ئۆزىگە دۈشمەن بولۇپ بېشىغا چىققان گەپ، بولمىسا كەلمەي قالمايتتى، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان باشقا ھايۋانلار: «راست، شۇنداق» دېيىشىپ ئالاقزادە بولۇشۇپ كېتىپتۇ. ئاخىردا تۈلكە سۆز ئېلىپ:

— بۇ يىل ئاغمىخانلار ئالتۇن - تىللالىرىنى ئاپتاپقا سېلىپ، ئېتىپ ئوينىمايدىغان بولۇپ قالدى، مەنمۇ كۆڭۈل ئېچىشتىن مەھرۇم قالدىم. ئاغمىخانلارنىڭ ئالتۇن - تىللا تەڭگىلىرىنى بىرەر ئادەم كېلىپ بۇلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ، — دەپتۇ. ھايۋانلار ھېچقانداق يېڭى گەپ قىلماستىن بىر يىلدىن بۇيانقى كېلىشمەسلىكلەرنى سۆزلىشىپ، پۇشۇلدىشىپ ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرغاندا، يولۋاس:

— ھەي ئاغىنىلەر، بىزنىڭ بۇلتۇر مۇشۇ يەردە قىلىشقان گەپلىرىمىزنى بىرەر ئادەمزات بىزگە يېقىن بىر يەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ تىڭشىۋالمىغان بولمىسا، ئۇنداق ئىشلار بولمايتتى، — دەپتۇ. شىر:

— مۇشۇ تۇرقىدىمۇ بىرەر ئادەمزات گېپىمىزنى تىڭشاۋاتامدىكىن دەپ گۇمان قىلىۋاتىمەن، — دەپتۇ. ئېيىق:

— بەرھەق، مەن شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئادەمزاتنىڭ پۇ- رىقىنى سېزىۋاتىمەن، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان بې- خىلنىڭ پۇت - قوللىرىغا تىترەك ئولىشىپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاس - تاماس قاپتۇ. ئېيىقتىن كېيىن تۈلكە:

— مەن ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى تاپاي، — دەپ ئەتراپنى چۆرگىلەشكە باشلاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن يېتىپ كې- لىپ، — تاپتىم، تاپتىم ! ئۆتكۈر بۇرنۇم بىلەن پۇراپ، ھىيلىگەر كۆزلىرىم بىلەن سىنچىلاپ قارىسام، ئۇ ھارامزادە بىزنىڭ بېشىمىزغا چىقىۋاپتۇ، ئەنە توغراقنىڭ ئاچىمىقىدا ئولتۇرىدۇ، — دەپ، ئوڭ پۇتىدا ئىشارەت قى- لىپ كۆرسىتىپتۇ. دەرغەزەپ بولغان يولۋاس ئاچىمىقىدا نەرە تارتىپ توغراقنى شۇنداق بىر ئىرغاتقانىكەن، پۇت - قولىدا جان قالمىغان بېخىل خۇددى جاغالۋاينىڭ ئاغزىدىن چۈشۈپ كەتكەن قۇمچاقتەك توغراق تۈۋىگە پالاققىدە چۈ- شۈپ ئۆلۈپتۇ. يولۋاس، شىر، ئېيىق، تۈلكىلەر ئۇنىڭ گۆشىنى يەپ، سۆڭىكىنى ئاسمانغا پۇركۈۋېتىپتۇ.

«بەتنىيەتنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# يانتاقچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى

بۇرۇنقى زاماندا يوقسۇزچىلىقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان، يۈز - كۆزىنى قورۇق باسقان، ساقال - بۇرۇتى ئاپئاق بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئۇ بوۋاي يەتتە يېشىدىن تارتىپ باياۋاندىن يانتاق چېپىپ، بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ جان باقىدىكەن. بۇ بوۋاينىڭ دۇنيالىقتا بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. يانتاقچى بوۋاي يانتاق سېتىپ تاپقان پۇلغا بالىسىنى ئوقۇتۇپتۇ. بالىسى مەدرىسلەرنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دادىسىغا: «دادام مېنى ئەمدى ئۆيلەپ قويسۇن» دەپ كىشى قويۇپتۇ. بوۋايمۇ، كېلىن كۆرىدىغان بولدۇم، دەپ خۇشال بولۇپ، كەلگەن كىشىدىن:

— ئوغلۇم كىمنى ئالىدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مۇشۇ شەھەردىكى پادىشاھنىڭ يالغۇز قىزىنى ئالىمەن دەيدۇ، — دەپتۇ كەلگەن كىشى.

بوۋاي، بالام نېمە دەيدىغاندۇ؟ بىز گاداي تۇرساق، ئۇ پادىشاھ تۇرسا، بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان گەپ... دەپ، بالىسىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا چاقىرىپتۇ. بالا بوۋاينىڭ چىرا-

يېدىن «بولمايدۇ» دېگەن مەنىنى ئۇقۇپ، دادىسى گەپ سورىغۇچە:

— دادا، غەم قىلماڭ، پادىشاھقا بىز تەڭ كېلەلەيمىز، — دەپتۇ. بوۋاي تەڭقىسلىقتا قېلىپ:

— قانداق تەڭ كېلىمىز؟ — دەپتۇ. بالىسى:

— ئەتە يانتىلىقىڭىزنى بازارغا ئەكىرىپ سېتىپ پۇلىغا ماڭا بىر قۇتا قىزىل بوياق، بىر قۇتا سېرىق بوياق، بىر قۇتا يېشىل بوياق، ئون تاختا قەغەز ئەكېلىپ بېرىڭ، ئاندىن كېيىن كارامەتنى كۆرىسىز، — دەپتۇ.

بوۋاي بازارغا بېرىپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاچىقىپتۇ. بالا شۇ كېچىسى تۈن بويى ئولتۇرۇپ گۈل ياساپتۇ. تاڭ ئاتاي دېگەن چاغدا، دادىسىغا:

— دادا، ھازىر قولىڭىزغا تېۋىلغا سۈپۈرگە بىلەن چېلەكنى ھەم مۇنۇ گۈللەرنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ئوردىنىڭ ئالدىنى پاكىز سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ، گۈللەرنى دەرۋازىنىڭ بېشىغا قاداپ قويۇپ كېلىڭ، — دەپتۇ. ياغ-



تاقچى بوۋاي بۇ ئىشنى دېگەندەك ئورۇنداپ قايتىپ كەپتۇ.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن پادىشاھ تالاغا چىققۇدەك بولسا، دەرۋازىنىڭ بېشىدا چىرايلىق گۈللەر ھەم چېچەك تۇرغان، قارىسا، ئوردىنىڭ ئىچى - تېشى نۇرلىنىپ كەتكەن. پادى- شاھنىڭ بۇنىڭغا ئەقلى ھەيران بولۇپ: «ۋاھ، بۇ نېمە ئىش؟» دەپ ۋەزىرلىرىنى قىچقارتىپتۇ، ۋەزىرلىرىمۇ ھەيران بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھ يۇرتتىكى جىمى ئادەمنى يىغىپ سوراپتۇ، ھېچكىم ھېچنېمە دېيەلمەپتۇ. پادىشاھ خەلققە يالۋۇرۇپ:

— ۋاي خەلقىم، بۇنداق ئىش زاماندىن بېرى بولمىغان، بۇ سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كەلگەن ياخشىلىق. ئېيتىپ بېرىڭلار، كىمكى ئېيتىپ بەرسە، شۇ ئادەمگە ۋە- زىرلىك ئەمەل بېرىمەن، — دەپتۇ. شۇ چاغدا يىغىلغان خەلقنىڭ ئىچىدىن بىر ئادەم سەكرەپ چىقىپ:

— يانتاقچى بوۋاي تاڭ يورۇي دېگەندە مۇشۇ جايدىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى، — دەپتۇ.

پادىشاھ يىغىلغانلار ئىچىدىن يانتاقچى بوۋاينى ئىز- دەتكۈزسە، ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلمىگەنلىكى ئېنىقلىنىپتۇ. ئاخىر ئۆيىگە ياساۋۇللىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ياساۋۇللار يانتاقچى بوۋاينى ماڭ دېسە، ماڭ دەپ قىستاپتۇ. بوۋاي مېڭىشتىن ئاۋۋال، ئوغلىغا:

— جېنىم بالام، مېنى پادىشاھ بىكارغا قىچقارمىدى، ئەمدى مېنى ئۆلتۈرىدۇ. خوش، بالام، رازى بولغىن. مېنى ئاسىدىغان دارنىڭ ئۈستىگە بىر تال ساقىلىمنى ئىلىپ

قويمەن. سەن شۇ ساقىلىمنى ئېلىپ قورسىقىڭدىكى ئە-
لىمنىڭ كۈچىنى كۆرسىتەرسەن، — دەپ خوشلىشىپتۇ.
يانتاقچى بوۋاي پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغاندا، پادىشاھ يۇم-
شاقلىق بىلەن سوراپتۇ. بوۋاي، پادىشاھنىڭ بىزگە
مېھىر- شەپقىتى بار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ:
— پادىشاھ جانابلىرى، مېنىڭ بىر يالغۇز ئوغلۇم بار
ئىدى، ئۇنى ئوقۇتۇپ ئالىم قىلىپ قويدۇم. ئۇنىڭ سىزنىڭ
قىزىڭىزغا كۆڭلى بار ئىكەن. شۇ ئوغلۇمنىڭ ئارزۇسى
بىلەن مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلغان، — دەپتۇ.
پادىشاھ يانتاقچى بوۋاينىڭ ئۇستۇۋېشىغا قاراپ، مەن
بىر پادىشاھ تۇرسام، بۇ بىر يالاڭ ئاياغ تۇرسا، مۇشۇنىڭ
بىلەن قۇدا بولارمەنمۇ، دەپ غەزەپلىنىپتۇ، جاللاتلىرىنى
چاقىرىپ:
— بۇ يالاڭ ئاياغ يانتاقچى بوۋاينى دارغا ئېسىڭلار! —
دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. جاللاتلار بوۋاينى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈ-
رۈپتۇ.
يانتاقچى بوۋاينىڭ بالىسى كېلىپ قارىسا، دادىسى
ئېسىقلىق، بىر تال ساقىلى دار ئۈستىدە ئىلىقلىق تۇرغۇ-
دەك. بالا دەررۇلا ھېلىقى بىر تال ساقالنى ئېلىپ دەم
سايىتكەن، دادىسى تىرىلىپ، دارنىڭ ئارغامچىلىرى ئۈزۈ-
لۈپ چۈشۈپتۇ. دادىسى خۇشال بولۇپ، بالىسى بىلەن ئۆيگە
يېنىپ كەپتۇ. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، بالا دادىسىغا:
— ۋاي دادا، بۈگۈن بازارغا يەنە يانتاق ئەكىرىپ

سىتىپ، ئۆتكەن قېتىمدىكىدەك بوياق، قەغەزلەرنى ئاچە-
قىلىڭ، — دەپتۇ.

بوۋاي تېخىمۇ ئوبدانراق قەغەز بىلەن بوياقلارنى ئاچە-
قىپتۇ. بالا شۇ كېچىسى ئاۋۋالقىسىدىنمۇ نەچچە ھەسسە
چىرايلىق گۈللەرنى ياساپ، دادىسىنى يەنە پادىشاھنىڭ
ئوردىسىغا ئەۋەتىپتۇ. بوۋاي ئوردىنىڭ ئالدىنى ئاۋۋالقىدىن
نەچچە ھەسسە پاكىز سۈپۈرۈپ، سۇزۇك سۇلارنى چېچىپ،
گۈللەرنى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك جايغا ئېسىپ قايتىپ كە-
تۇ. تاڭ ئاتقاندا پادىشاھ تالاغا چىقسا، كۆزلىرىنى گۈللەر
چېقىپ، ئوردىنىڭ ئىچى - تېشى پال - پۇل قىلىپ كې-
تىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپ سوراپتۇ، ۋەزىرلىرى
جاۋاب بېرەلمەپتۇ. خەلقنى چاقىرتىپتۇ، ئاۋۋالقى قېتىم
كەلگەن خەلق: «پادىشاھ يالغانچى» دېيىشىپ، ئازلا بىر
قىسىم ئادەم كەپتۇ. پادىشاھ يەنە ھىيلىگەرلىك بىلەن يال-
غان ۋەدىلەرنى بېرىپ سوراپتۇ. شۇ چاغدا توپنىڭ ئىچىدىن
بىرى تۇرۇپ:

— يانتاقچى بوۋاي بۈگۈن سەھەردە مەشەدە يۈرەتتى، —
دەپتۇ. پادىشا بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— يانتاقچى بوۋاي ئۆلگەن ئەمەسمۇ؟ ! — دەپ
ئىشەنمەپتۇ. ھېلىقى ئادەم:

— يانتاقچى بوۋاينى راست كۆردۈم، يالغان ئېيتقان
بولسام، كۆزۈمنى ئويۇڭ، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

پادىشاھ يانتاقچى بوۋاينىڭ ئۆيىگە چاپارمەنلىرىنى

ئەۋەتسە، يانتاقچى بوۋاي ئۆيدە ئىكەن. ئۇلار دەررۇلا يانـ.
تاقچى بوۋاينىڭ پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي پادىـ.
شاھنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ. يانتاقچى بوۋاي بىرىنچى قېتىم
ئېيتقان سۆزىنى يەنە ئېيتىپتۇ. پادىشاھنىڭ تېخىمۇ ئاچـ.
چىقى كېلىپ، قوۋقا چېچى تىك تۇرۇپ، يەنە دارغا
ئاستۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇ قېتىممۇ يانتاقچى بوۋاي يەنە
بىر تال ساقىلىنى دارنىڭ ئۇستىگە ئىلىپ قويۇپتۇ. بالىـ.
سى كېلىپ دادىسىنىڭ ساقىلىنى ئېلىپ بىر «سۇف» دەپ
دەم سايىتكەن، شۇ زامات بوۋاي تىرىلىپ يەرگە چۈشۈپتۇ.
بوۋاي بالىسى بىلەن ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ. كەلگەندىن كېـ.
يىن بالا يەنە گۈل ياساپتۇ.

پادىشاھ بۇ قېتىم ئاۋۋالقىدىنمۇ چىرايلىق گۈللەرنى
كۆرۈپتۇ. يانتاقچى بوۋايدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ،
ۋەزىرلىرىگە: «ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟» دەپ مەسلىھەت
سايتۇ. ۋەزىرلەردىن بىرى:

— يانتاقچى بوۋاينىڭ ئوغلىغا مەلىكىنى بەرمىسەك
بولمايدىغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

— توختاڭلار، يانتاقچى بوۋاينى چاقىرىپ ئەكېلىپ،
ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېغىر سېلىق سالايلى. شۇنى قىلالىسا،
ئاندىن مەلىكىنى بېرەيلى، — دەپتۇ يەنە بىرى. پادىشاھ
ماقۇل بوپتۇ. يانتاقچى بوۋاينى چاقىرتىپ كېلىپ:

— ھوي يانتاقچى، سەن مەن بىلەن قېرىشىپ قالـ.
دىڭ، ماقۇل، قىزىمنى بېرەي، ئەمما بىر شەرتىم بار، شۇ

شەرتىمنى ئادا قىلىسەن، — دەپتۇ. بوۋاي:

— بولىدۇ، قېنى ئېيتسىلا، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— مۇشۇ ئوردىنىڭ ئالدىدىكى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاستى - ئۈستى ئۈنچە - مەرۋايىتتىن، بوسۇغىسى گۆ- ھەردىن يەتتە قەۋەت ئۆي ياسايسەن. دەريانىڭ سۈيىنى يەت- تە گەز قىلىپ ئاققۇزىسەن. بۇنى ئون بەش كۈندە پۈت- تۈرىسەن، شۇ چاغدا ساڭا كېلىنلىككە قىزىمنى بېرىد- مەن، — دەپتۇ. بوۋاي:

— خوپ، پادىشاھىئالەم، ئوغلۇم بىلەن مەسلىھەتلىد- شەي، — دەپ، ئوردىدىن كەينىچە مېڭىپ چىقىپ تو- تۇغرا ئۆيىگە كەپتۇ ۋە بولغان ۋەقەنى بالىسىغا دەپ بېرىپتۇ. بالىسى:

— دادا، بىز ئۈنى ئون بەش كۈندە ئەمەس، ئۈچ كۈن- دە پۈتتۈرۈۋېتىمىز، پادىشاھقا بېرىپ ئېيتىڭ، — دەپتۇ. بوۋاي پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ - دە:

— ۋاي پادىشاھىئالەم، سىز ئون بەش كۈنلۈك مۇددەت بېرىۋىدىڭىز، ئۇنداقتا بەك كېچىكىپ كېتىدىكەن. بالام: «ئۈچ كۈندە پۈتتۈرۈۋېتىمىز» دەيدۇ. مۇددەتنى ئۈچ كۈنگە قىسقارتىپ بېرىڭ، — دەپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ.

يانتاقچى بوۋاينىڭ بالىسى غېمىدە يوق ئىككى كۈن بىكار يۈرۈپ، ئۈچىنچى كۈنى كىتابىنى ئېچىپ بىر ئو- قۇپتىكەن، پادىشاھنىڭ دېگىنىدەك جاي بىنا بوپتۇ. پادى- شاھ شۇ كۈنى سول قول ۋەزىرىنى: «قېنى، كۆرۈپ كەل-

گەن، يانتاقچى بوۋاي سىلىقنى ئورۇندىدىمۇ، يوق؟» دەپ ئەۋەتىپتۇ. سول قول ۋەزىرى:

— ۋاي پادىشاھىئالەم، سىلى دېگەندىن ئارتۇق قىلىد-ۋېتىپتۇ، — دەپ كەپتۇ.

پادىشاھ بۇنىڭغا ئىشەنمەي ئوڭ قول ۋەزىرىنى ئەۋە-تىپتۇ.ئۇمۇ شۇنداق دەپ كەپتۇ. بۇنىڭغىمۇ ئىشەنمەي، ئۆزى بېرىپ قارىسا، راست ئۆزى ئېيتقان جاي پۈتكەنىكەن. پا-دىشاھ ئەمدى ھېچقانداق گەپ قىلماستىن، قىرىق بىر كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، قىزىنى يانتاقچى بوۋاينىڭ ئوغلىغا بېرىپتۇ.

پادىشاھ بىر كۈنى كۈيئوغلىدىن:

— سىز قانداق قىلىپ شۇنچە ئىشلارنى قىلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتىكەن، كۈيئوغۇل:

— دادام مېنى يانتاق سېتىپ قىينىلىپ يۈرۈپ ئو-قۇتقان، دادامنىڭ ئەجرى بىكار كەتمىسۇن، دەپ ياخشى ئوقۇدۇم، ئاخىر مۇشۇنداق ئادەم بولدۇم، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ: «ماڭا ئوخشاش بىلىم-سىزلەر پادىشاھ بولغۇچە، مۇشۇنىڭدەك بىلىملىك ئادەم پا-دىشاھ بولسۇن» دەپ پادىشاھلىقنى كۈيئوغلىغا بېرىۋې-تىپتۇ. ئوغۇل: «مېنى مۇشۇنداق ياخشى ئادەم قىلغان دادام پادىشاھ بولسۇن» دەپ، دادىسىغا ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ.

يانتاقچى بوۋاي پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن يۇرت ئاۋات ۋە مەمۇرچىلىقتا ئۆتۈپتۇ.

Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMDk4NTguemlw",
"filename_decoded": "40209858.zip",
"filesize": 14947756,
"md5": "c4666c2d0fd884bdbe74834ebdf33178",
"header_md5": "f30e0d73b7bd79aaaaa076c5c74646eb",
"sha1": "88574230fca9f44c83cea35b5168c87760902a75",
"sha256": "a5328961de2ae208e06a990d6b2f8228bcc93a9058900897e38813626b3a5507",
"crc32": 2435571174,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 15028643,
"pdg_dir_name": "\u2556\u2554\u2591\u2554 \u2563\u2248\u256b\u2559
\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209858",
"pdg_main_pages_found": 73,
"pdg_main_pages_max": 73,
"total_pages": 81,
"total_pixels": 334400000,
"pdf_generation_missing_pages": false
}